# ئۇربىتا

( پوۋېست )

ئاپتورى : خالىدە ئىسرائىل



(بۇ ئەسەر --- " بىزنىڭ " - ئۇيغۇر تور بېكىتىگە 2009-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى كىروران خانقىز ( kiroran ) تەرىپىدىن يوللانغان
http://www.bizning.com/bbs/read.php?tid=991
ئۇلىنىشىدىكى شۇ ناملىق تېما مەزمۇنىغا ئاساسەن ، ئېلېكترونلۇق كىتاپ شەكلىگە ئايلاندۇرۇلدى )

مەن كىم؟نەدىن كەلگەن؟مەنزىلىم قەيەر؟بۇلارنى بىلمەيمەن . ئۆتمۈش مەن ئۈچۈن باش-ئۇچى ، چېكى يوق قاراڭغۇلۇق .بىر يىلنىڭ ھەممە چاغلىرىدا -- ئەتراپ ئىللىق نەم تۇپراقنىڭ ھەم بىخ سۈرىۋاتقان دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەرنىڭ چۈچىمەل پۇرىقىغا تولغاندا ، ھەممە ياقتىن قويۇق پېشىللىق قاپلىغاندا،كۆز يويۇرماقلىرى يەر-جاھاننى بىر ئېلىپ ئۇچۇشقا باشلىغاندا، يوللارنى ۋە يالىڭاچ دەرەخلەرنى قېلىن قار باسقان چاغلاردا مەن ساناتورىيىنىڭ جىمجىت يوللىرىدا سائەتلەپ ئايلىنىمەن. مېڭىپ چارچىغاندا قېرى قاراياغاچ تۈۋىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرىمەن .

ئالدىمدا بىر يوچۇن دۇنيا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ياز قوياشى غەرىپكە



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

پىتىپ كېتىۋاتىدۇ. قاچانلاردىدۇر ياغقان يامغۇر سىمونت يولنىڭ ئۇيەر-بۇ يېرىدە كىچىك كۆلچەكلەرنى قالدۇرۇپ ، قۇشلار ئۇ كۆلچەكلەرگە سۇ ئىچكىلى كېلىشىدۇ... سەل نېرىدا كىچىك بىر قىز يىغناغۇچ قوغلاپ يۈرۈيدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىكى، چاچلىرى ۋە بۇدرۇق قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن يىغناغۇچقا يېقىنلىشىۋاتقان ئاشۇ قىياپىتى تولىمۇ سۆيۈملۈك، ئاشۇ قىياپەتنى مەن نەدىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن ... بەلكىم چۈشۈمدۇر؟

قىزنىڭ قوللىرى يىغناغۇچنىڭ سۈزۈك قاناتلىرىغا تېگەي دېگەندە يىغناغۇچ ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئەتراپ سان-ساناقسىز يىغناغۇچلارغا تولغان،مېنىڭ مېڭەمدىمۇ سان-ساناقسىز يىناغۇچلار ئۇچۇپ يۈرىدۇ، قاناتلىرىنىڭ شەكلى گويا يوغان سوئال بەلگىسىگە ئوخشايدۇ، مەن خىيالىمدا ئاشۇ يىغناغۇچلارنى تۇتىۋالماقچى بولىمەن، ئەمما تۇتالمايمەن،مېڭەم غۇڭۇلداپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىدۇ، مەن ئۇلارنى تۇتۇشنى خالىمايمەن، زادى خالىمايمەن.

ئايال دوختۇر ماڭا تاۋار ياغلىقتا ئورالغان بىر خاتىرىنى بەردى،
---بۇنى ئوقۇپ كۆرۈڭ، ئاخىرىغىچە ئوقۇڭ، ئۇنىڭدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ بېقىڭ، بەلكىم سىز بىلىدىغان ئىشلاردۇر ...

مەن چۈشتىن كېيىن زېرىكىش ئىچىدە ئەسنەپ ئولتۇرۇپ خاتىرىنى ئاچتىم، خاتىرىنىڭ بېشىدىكى بەتلىرى يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى، قالغان بەتلىرى ئىمىر-چىمىر خەتلەر بىلەن توشقان، ئاي، كۈنى يېزىلمىغىنىغا قارىغاندا ، كۈندىلىك خاتىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، مەن خاتىرىدىكى ناتونۇش پوچۇركىدا يېزىلغان خەتلەرنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدىم .

*　　　*　　　*　　　*

كېچە قىممەت باھالىق زۇمرەت مارجىنىم تۆكۈلۈپ كېتىپ چۈشەپتىمەن، مۇزدەك سوغۇق، پارقىراق قىممەتلىك تاشلار بوينۇم، بىلەكلىرىم ۋە ئېتىكىمدىن سىرىلىپ چۈشۈپ نەلەرگىدۇر دومۇلاپ كېتىپتۇمىش، مىڭ تەستە تېرىپ ئالغان بىر نەچچە تال مارجاننى قولۇمدا تۇتقىنىمچە قاپتىمەن . يۈرۈكىم ئېچىشقان ھالدا ئالاقزادە بولۇپ ئويغىنىپ كەتكىنىمدە ئەزەلدىن زۇمرەت مارجىنىمنىڭ بولمىغىنىدىن مەمنۇن بولدۇم، بۇ بەلكىم ئاخشام كۆرگەن تىلىۋىزىيە تىياتىرىنىڭ مېڭەمدە قالدۇرغان تەسىرى بولسا كېرەك. ئامېرىكىلىق چوڭ زەردارنىڭ ئامراق ئايالى ئېرى ئېلىپ بەرگەن زۇمرەت مارجاننى سېتىپ، ئىلگىرىكى ئاشنىسىغا ياردەم قىلىدۇ، ئېرى ئۇنىڭ ئىشىنى سېزىپ قېلىپ، مارجاننى سۈرۈشتە قىلغاندا ئۇ قاتتىق دەككە-دۈككە ئىچىدە قالىدۇ ...

مەن ئەزەلدىن زۇمرەت مارجان تاقاپ باقمىغان، مېنىڭ زەردار ئېرىممۇ، ئاشنامىمۇ يوق، چۈش دېگەن ئاجايىپ نەرسە، بۇ چۈشۈمنى قوشنام ھەم خىزمەتدىشىم سائادەتكە ئېيتىپ بەرگەن ئىدىم، ئۇ تۇرۇپ كېتىپ: «دەرھەل سەدىقە بېرىۋېتىڭ، يەتتە تال پوشكال سېلىپ، بىرەر دىۋانىگە ئەپچىقىپ بېرىڭ، سىڭلىمنىڭ ئۆيى بۇزۇلىدىغان چەغدا سىزدەك مۇشۇنداق چۈش كۆرۈپتىكەن،» دېدى.

ئۆز تەغدىرىمنىڭ يەتتە تال پوشكالغا باغلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىسەممۇ، سائادەتنىڭ ئېيتقىنىنى قىلدىم .

——— ئېرىڭىزنى چىڭراق تۇتۇڭ جۇمۇ خېنىم، ئاقشاملىرى بىر يەرلەرگە يالغۇز بارغىلى قويماڭ. بارمىسا بولمايدىغان يەرلەرگە بىللە

بېرىلىك، ئولتۇرسا تەك ئولتۇرۇپ، قوپسا تەك قوپۇپ، كۆزدىن نېرى قىلماڭ، بۇ كۆنلەردىزە ئەرلەردىغۇ ئىنساب قالمىدى، خوتۇن خەقتىمۇ ئىنساب قالمىدى ...

ئۇنىڭ مۇنداق سۆزلىرىگە مەسخىرە ئارىلاش ھەسرەتلىك كۈلىمەن، ئۇ مېنىڭ ئۇنى ئەمەس ، ئۆزۈمنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىمنى بىلمەيدۇ، بەلكىم مەنمۇ ئۇنى چۈشەنمەيدىغاندىمەن، ئىنسان دېگەن شۇنداق نەرسە، بىرى بىرى ئۇ چۈ ن م ە ڭ گ ۈ نامەلۇمخانە .

مەن توي قىلغان كېچىسى ئېرىمنىڭ ئىلگىرىكى سۆيگىنى زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالغان ئىدى، ئاشۇ پاجىئە مېنىڭ بەختسىز تەغدىرىمنىڭ باشلىنىشى بولدى،كىم بىلسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى ماڭا تەۋە بولمىغان بەختنى قوغلاشقانلىقىمنىڭ جازاسىدۇر،بەلكىم، چىراغنى ئۆچۈرىۋاتقىنىمدا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا بىر جۈپ ئەلەملىك كۆزنى كۆرىمەن، كېچىلىرى ئۇشتۇمتۇت ئويغۇنۇپ كەتسەم، قاراڭغۇ، جىمجىت ئۆي ئىچىدە بىرىنىڭ شىپىرلاپ ماڭغان تىۋىشىنى، ئىشكلەرنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس ئېچىلىپ- يېپىلغانلىقىنى ئاڭلايمەن،ئېرىم ھاراق ئىچىۋالغان چاغلىرىدا «سەن مېنىڭ ھاياتىمنى ۋەيران قىلدىڭ ! نىمە قارا بېسىپ سەن بىلەن تونۇشۇپ قالغان بولغۇيتتۇم؟»دەيدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا: «مېنىڭچۇ؟ مېنىڭ ھاياتىمنى كىم ھەيران قىلدى؟مەنمۇ ساڭا تېگىمەن دەپ چاپلىشىۋالغانمىدىم؟» دەيمەن، بۇ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان دەۋا، ئۇ مېنى ، ئاتا-ئانامنى، يەتمىش پۇشتۇمنى قويماي تىللاپ قارغايدۇ، تىللاپ ھارغاندا ئوتتۇر كەلگەن يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ خورۇلداپ ئۇيقىغا كېتىدۇ، مەن قاراڭغۇ تورۇسقا قاراپ يېتىپ، تارتقان ھەممە خورلۇقلىرىمنىڭ دەردىنى كۆزۈمدىن ئالىمەن. مۇنداق چاغلاردا گويا مېھرىبان ، جاپاكەش ئانام يېنىمغا كەلگەندەك، چاك-چاك يېرىلىپ



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

كەتكەن قوللىرى بىلەن چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ:«سەۋرى قىل قىزىم، ئۇلار دېگەن ئەر خەق، بىز بولساق خوتۇن كىشى... بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى سەۋرى-قانائەت، سەۋرى قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ دېيىشىدۇ » ... دەۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن. شۇنداق، خوتۇن كىشىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى سەۋرى- قانائەت، سەۋرى-قانائەتچان خوتۇن كىشى بەخت-سائادەتلىك بولىدۇ . ھەر قېتىم ئانام ئاچچىقى يامان دادامدىن تاياق يەپ ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغاندا چوڭ ئاناممۇ بۇ سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

ئانام ھەر كۈنى تاماقنى پىشۇرۇپ، قاچا-قۇچىلارنى تەييار قىلىپ قويۇپ، پەگاغا ئۆتۈپ يەرگە قاراپ تۇراتتى، قازان بېشىغا چوڭ ئاناپ ئۆتۈپ ئالدى بىلەن يوغان گەردىن چىنىگە دادامغا ئاتاپ تاماق ئۇساتتى ، دادامغا ئۇسقان تاماقنىڭ يۈزىدە مايلىرى پارقىراپ تۇراتتى، ئىككىنچى قاچىنى ئۆزىگە ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئىنىمغا، چوڭ ئاچامغا ، كىچىك ئاچامغا، ماڭا، سىڭلىمغا، ئەڭ ئاخىرىدا ئانامغا ئۇساتتى،كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ئانامغا ئاشنىڭ سۈيىلا قالاتتى، ئۇ ئۇن-تىنسىز ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ تاختا بېشىدىن بىرەر پارچە زاغرا نان ئالاتتى-دە، ئاشنىڭ سۈيىگە چىلاپ يېيىشكە باشلايتتى. مۇنداق چاغلاردا چوڭ ئانامنىڭ غۇدۇراپ، جىملەشلىرىدىگە قارىماي:

-- ئانا بۇ ئاشنى ئىچىپ بولالمىغۇدەكمەن، ساڭا يېرىمىنى بۆلۈپ بېرەي،-- دەيتتىم. ئانام زادىلا ئۇنىمايتتى، بەزىدە كۆڭلۈمنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن بىر-ئىككى قوشۇق بۆلۈپ ئالاتتى، ئانام دادامدىن ئەيمىنىپ ئاشخانىدىكى يېرتىق بورىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى، مەن ئۇنىڭ دادام بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلىشىپ باققىنىنى ، دادام بىلەن بىللە بىر ياقلارغا چىققىنىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم .



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

www.bizning.com

**************************************************************

ئەتتىگەنلىك ۋاقىت بىر كۈنلۈك تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ ئالدىراشلىق ۋاقىت، ئاخشىمى تىلۋىزۇرنىڭ ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ ئۇيقىسى قانمىغان باللىرىم ئەتتىگەنلىك چىيىنى ئىچىپ مەكتەپكە ماڭغۇچە ئۆيدە قىيامەت قايىم بولغىلى تاسلا قالدۇ، باللىرىمدىن كېيىن ئېرىم ماڭدۇ، مەن ئەڭ ئاخىرىدا قالىمەن، توختىماي سائىتىمگە قارىغاچ قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرىۋېتىپ، ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاچلىرىمنى نېرى-بېرى تۈزەيمەن، ئەينەكتىكى ياداڭغۇ، ھارغىن چىراي ، بۇدرە قىلىنغان شالاڭ چاچلىرىنى ئارقىسىدىن بىر تال قىلىپ بوغىۋالغان ئايال ——مەن . مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىمدە دەيمەن : قاپىقىغا ئاز-تولا سۈرمە سۈرىۋالغان بولسا كۆزلىرى ئۇنچە نۇرسىز كۆرۈنمەس ئىدى ... بىراق سائەت ستىرېلكىسىنىڭ باغرى تاشلىق بىلەن يەتتە يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ھېچنېمىگە قارىماي، سومكامنى قولۇمغا ئالىمەن .

ئىشكىنى سىرتتىن تاقاۋاتقىنىمدا ئۇدۇل قوشنامنىڭ ئىشىكىمۇ ئېچىلىدۇ، ئىككىمىز يۈزمۇ-يۈز دوقۇرۇشۇپ قالمىساقلا سالاملاشمايمىز، قەۋەتلىك بىنا دېگەندە ھەر بىر ئۆي ئۆز ئالدىغا بىر كىچىك دۇنيا، بىر دۇنيا يەنە بىر دۇنياسىزمۇ چۆگىلەۋېرىدۇ .

سىرتقا چىقىپ ئىشقا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئالدىراش ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كېتىمەن ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەك بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالتە قەۋەتلىك بىنالار قاتار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ .سەرەڭگە قېپىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئۆيلەردە

بىر كىم ئۆنلۈكرەك يۆتەلسە پۈتۈن بىنا ئاڭلايدۇ. ئەر-خوتۇن ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ جىدىلىگە بىنادىكى ھەممە ئادەم گۇۋاھچى بولىدۇ، ئىشقا بېرىش، ئىشتىن چۈشۈش، تىلۋىزۇر كۆرۈش، ئۇخلاش ... بۇ بىنالاردا ئولتۇرىدىغان ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇش تەرتىۋى، كۈنلەر، ئايلار، يىللار تاكى بىزمۇ ھاسا تاياققا تايىنىپ ئاستا ئايلىنىپ يۈرۈشكەن، يولنىڭ چېتىدە گېزىت ئوكۇپ ئولتۇرۇشقان ئاۋۇ بوۋايلار ۋە ئۇلارنىڭ كىسەلچان موماينلىرىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغىچە شۇ تەرىزدە ئۆتىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش تەرتىۋى ھەممىمىزدە ئوخشاش تۇرمۇش قارىشى، ئوخشاش مىجەز-خاراكتېر، ئوخشاش ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى يېتىلدۈرگەن. بىرەر ئۆيگە بىرخىل جاھازا سېتىۋالسا،ئەتىسىلا ھەممە ئۆيلەردە بۇ خىل جاھازا پەيدا بولىدۇ. بىرەر ئايال يېڭى پوسۇنلۇق كىيىم-كېچەك ياكى ئالتۇن زۈننار سېتىۋالسا ، ئەتىسىلا ھەممە ئايالار تەڭ سېتىۋالماي قالمايدۇ .بۈگۈنى بىر ئايال بالكۇنغا پەردە تارتسا، ئەتىسى پۈتۈن بالكۇنلارغا رەڭگا-رەڭ پەردىلەر تارتىلىپ كېتىدۇ. بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ھەم بارغانسېرى قولايلىشىۋاتقان قۇۋەتلىك ئۆيلەر تېخىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى، تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ بولالمىغىنى يوق.

مەن دائىم ياپپېشىل قارغايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىككى قۇۋەتلىك ئاپئاق ئۆيدە ئايلىنىپ يۈرۈپ چۈشەيمەن، دېرىزەمنىڭ تۈۋىدە جىرا سۇلىرىنىڭ شارقىرىشى ئاڭلىنىدۇ. يىراقتىن ئۈستىنى قار قاپلىغان تەڭرىتېغى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، ئويغىنىپ كەتكىنىمدە ئۆيۈم كۆزۈمگە دوزاختەك كۆرۈنىدۇ، بىراق، چۈش دېگەن بەربىر چۈش، ئادەم دېگەننىڭ داۋاملىق چۈش ئىچىدە ياشىشى مۇمكىن ئەمەس .

***************************************************

ئىشخانىغا كىرىشىمگە ئۈستىلىمدىكى ئەينەكنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلغان پوچتا ئاتكىرتكىسىغا كۆزۈم چۈشتى، ئۇنى ئاۋايلاپ ئالدىم،يۈرۈكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئۇنىڭدىكى يەنىلا خاتىرە ئارسىغا قىستۇرۇلغان يوغان بىر تال يوپۇرماق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا لەپىلدەپ چۈشۋاتقان سانسىز يوپۇرماقلارنىڭ سۈرىتى ئىدى. ئاتكىرىتكىنىڭ ئىچى تەرىپىگە «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن !»دېگەن سۆز ماشىنىدا بېسىلغان، ھېچقانداق ئىمزا قويىمىغان ، كۆزلىرىم غازاڭلار ئۈستىدە تېڭىرقاپ قالدى. ھۇدۇقۇپ ۋە پەرىشانلىق ئىچىدە گويا غازاڭلار ئارىسىدىن تونۇش مەنزىرە ، تونۇش چىرايلارنى ئىزدەۋاتقاندەك قارايتتىم، مەن ھەر قېتىمقىدەك ئۇنى يىرتىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتىم.

——ئاسىيە ھەدە، قالتىس ئامەتلىك جۇمۇ سىز ! بىراق سىز بۇ ئامەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيۋاتىسىز، ئەگەر مۇشۇ دۇنيانىڭ بىر گۈرجىگىدە مېنى ئويلايدىغان، ماڭا ئۇن-تۈنسىز بەخت تىلەيدىغان بىر ئادەم بولىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلغان بولاتتىم ... —— ئۇدۇلۇمدىكى ئالتۇندەك ساپ-سېرىق چاچلىرى مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇرىدىغان، ئەڭ يېڭى مودىدا كىيىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتدىشىم دىلنار ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى .

قاتىلنىڭ قولىدەك تىترەۋاتقان قولۇمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئېڭىشىپ تارتمىلىرىمنى ئاختۇرغان بولىۋالدىم، بەختىمگە كۆز ئەينىكىم قولۇمغا چىقتى،ئۇنى پەم بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدىم، دىلنار تېخىچە ئىككىنى ئىككى قولى بىلەن يۆلىگىنىچە ماڭا قاراپ ئولتۇرىدۇ .

—— ئاسىيە ، سىززە قالتىس ئەخلاقلىق ئايال جۇمۇ ! مەن سىزگە

قايىل ئاسىيە، يىتىۋېتىپ ياخشى قىلدىڭىز ، ھېچكىمدىن قالغۇسىز ئېرىڭىز، قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك باللىرىڭىز تۇرغان يەردە ...

50ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، نەۋرىلىك بولۇپ كەتكەن سائادەتنىڭ بۇنداق ئىشلارغا قارىتا كۆز قارىشى ئېنىق، مەيدانى مۇستەھكەم ، ئۇ دائىم 50 ياشقا كىرگەن كۈنۈم بۇ ئىشخانىغا باغلاپ قويىسىمۇ تۇرمايمەن، پىنسىيەگە چىقىپ باللىرىمنىڭ راھىتىنى كۆرىمەن ، دەيدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ قاچان 50 ياشقا كىرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ .

—— ھە، ئاسگۈل، بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنىڭىزمۇ؟ مۇنداق ئىشلاردىن بىزنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويغان بولسىڭىز، ئۆيىڭىزدە بىرەر ئاخشام ئولتۇرۇپ، تازا تەبرىكلىمەسمىدۇق؟ ھىم، سىززە، شۇنداق قىلىپ ئاتكىرىتكىنى يىرتىۋەتتىڭىز؟ بىر بىچارىنىڭ يۈرىكىنىمۇ پارە-پارە قىلىۋېتىپسىز-دە ! ھا-ھا-ھا ...

بۇ، ئىشخانىدىكى بىردىن-بىر ئەر خىزمەتدىشىمىز لېتىپنىڭ سۆزلىرى، مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمىسامۇ كۆزلىرىدە،قىيسايغان لەۋلىرىدە ئەكس ئەتكەن مۇنداق خوتۇنلاردا يۈرەك نىمىش قىلسۇن، دىگەن مەنىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

يېقى يىل ئاخشىمى ئىدارە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە تانسا ئويناۋېتىپ ماڭا ئەدەپسىزلىك قىلغاندا، ھېچكىمگە تۇيدۇرمايچاجىسىنى بېرىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ ماڭا ئاداۋەت ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنچىۋالا يامان ئادەممۇ ئەمەس، بىزگە يوخورلۇق قىلغىنى بىلەن ھاكاۋۇر، سوغ تەلەت خوتۇنىدىن ئۆلگىدەك قورقىدۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇپا-ئەڭلىك توزۇپ تۇرىدىغان خوتۇنى مېنىڭ كۆزۈمگە خۇددى نىقاب تارتىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ، كۆڭلۈدە

كۈنلەرنىڭ بىرىدە لىتىپ ئاچچىقىغا چىدىماي خوتۇنىنىڭ يۈزىدىكى ئاشۇ نىقابنى يىرتىپ ئېلىۋەتسە، ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ئادەتتىكى، ياۋاش بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالاتتىمىكىن، دەپ قالىمەن.

قىسقىسى، ئىشخانىدىكى ھەممىمىز بىر- بىرىمىزدىن ئانچە كۆپ پەرىقلەنمەيدىغان ئادەتتىكى كىشىلەرمىز، بىز پەنەركە بىلەن توسۇپ ياسالغان كىچىككىنە ئىشخانىمىزنى، ئۆنىڭدىكى ئۆتۈنۈش ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ھەر بىر ۋاراق قەغەزنى، ھاياتىمىزنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى تالىشىش-تارتىشىش ئىچىدە بىللە ئۆتكۈزىدىغان خىزمەتداشلىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز ئۇلارسىز ئۆتكەن ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.ئىنسان بەربىر ئىنسان، تۇرمۇش دېگەن بەربىر تۇرمۇش، ئۇ ھامان ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە گاھ شادلىق، گاھ قايغۇ، گاھ كۈلكە، گاھ يىغا ئىچىدە مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ .

مەن خىزمەتداشلىرىمنى سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئالدىمدىكى قېلىن بىر پارچە ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

" مسوپوتامىيە-گىرىكچە ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدىكى جاي دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ، ئۇ غەرپتە ئەرەب چۆلىگە، شەرقتە زاگرىس تاغ تىزمىسىغا تۇتىشىدۇ... ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئىنسانلار ئۇ يەردە بابىل قاتارلىق دۆۋلەتلەرنى قۇرغان، پارلاق مسوپوتامىيە مەدەنىيىتىنى ياراتقان ..."

مەن بۇ سۆزلەرنى ئون قېتىمچە ئوقۇپ مەنىسىنى ئاران چۈشەندىم، خىيالىم ھە دېسىلا يوللارنىڭ ئىككى چۆتى، كۆز يېتىدىغانلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى توپ-توپ قىزىلگۈللەر بىلەن تولغان ئاخايىپ بىر ماكانغا، يىراقتىكى غازاڭ باسقان يېزا يوللىرىغا كېتىدۇ، خىيالىمنى مىڭ بىر جاپادا يىغىمەنۇ، يەنە ھايال ئۆتمەي قېتىپ قالغاندەك بىر نوقتىغا تىكىلىپ



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

قالمەن ...

ئۇ دەل قىزىلگۈل ئېچىلغان مەۋسۇم ئىدى، يوللارنىڭ ئىككى چېتى، ئەتراپتىكى كۆز يېتىدىغانلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە توپ-توپ قىزىلگۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

ھېلىلا ياغقان يامغۇردىن تازىلانغان ھاۋادىن قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، كىتىبىمنى قوتۇقۇمغا قىستۇرۇپ، قولۇمدىكى گۈلنى ھېدلىغىنىمچە كېتىپ بارىمەن ، ھەر يەكشەنبە ساناتورىيىنىڭ مۇشۇ يولىدىن باللىرىم قوشتەك ئۇچۇپ كېلىشەتتى. بىراق ئۇ كۈنى يامغۇردا يۇيۇلغان يول يىراق-يىراقلارغىچە ئادەمسىز، جىمجىت. ئۇ يەر ، بۇ يەردە توختاپ قالغان يامغۇر سۇلىرى كەچكى شەپەقنىڭ ئەكس ئېتىشى بىلەن ئەينەكتەك ۋاللىدايدۇ ... تۇيۇقسىز ئۇ خوددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. ئەزبىرايى خۇدا، راست شۇنداق، قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ چوڭ دەرۋازىدىن قانداق كىرگىنىنى كۆرمىگىنىم قىززىق ... ئۇنىڭ قولىدا چوڭمۇ ئەمەس ، كىچىكمۇ ئەمەس بىر سومكا بار ئىدى. ئۇ كۆلۈمسىرەپ يېقىنلىشىپ كەلدى .شۇ چاغدا ... ئۇشتۇمتۇت قولتۇقۇمدىكى كىتاب پالاققىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن شۇنداق كالامپاي، مەن ئېڭىشىپ بولغۇچە ئۇ، كىتابنى يەردىن ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى .كۆزلىرىم ئۇچراشقان دەقىقىدە كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرى چاقناپ تۇرغان قوي كۆزلىرىدىن ئاققان ئىللىق بىر ئېقىم ۋۇجۇدۇمغا قۇيۇلدى. ئۇ قىزىلگۈل پۇرىقى ئىچىدە يىراقلاپ كەتتى،مەنمۇ ئۆز يولۇمغا - كەچكى شەپەققە چۆمۈلۈپ سوزۇلۇپ ياتقان، قەبرىستانلىقىدىكى چىغىر يولدەك جىمجىت يولنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە قاراپ ماڭدىم.بىراق ،قەلبىمدە چوقان كۆتۈرۈلدى :

—— ئىسكەندەر ! ... ئۇ ئىسكەندەرغۇ !خاتىرەمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

ساقلانغان بىر ئىسىم ئاغزىمدىن ئېتىلىپ چىقتى.ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرمەكچى بولۇپ توختاپ قالدىم . ئۇ مېنى توندىمىكىن ؟ ياق ، تونالمايدۇ . شۇنچىلىك ياداقغۇ،سۇلغۇنمەنكىن، شۇتاپتا تۇغقان ئانام كۆرسىمۇ تونۇيالماس مېنى.

چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. ئاياغ ئاستىمدا شاخ-يوپۇرماقلار غىرسىلايدۇ، چاچلىرىمغا، يۈز-كۆزلىرىمگە ئىسسىق ، يۇمشاق ئۆمۈچۈك تورلىرى يېپىشىدۇ .كىچىك، يېشىل يوپۇرماي قۇرۇتلىرى بوينۇمغا كىرىۋېلىپ غىدىقىمىنى كەلتۈرىدۇ . ئورمانلىققا ئىچكىرلەپ كىرگەنسېرى گاھ يەر بويلاپ، گاھ تولغۇشىپ گىرىلىپ ئاجايىپ-غارايىپ شەكىللەردە ئۆسكەن قىرى سۆگەتلەر ئۇچراشقا باشلىدى. بىر پارچە بوشلۇقتا گويا يەر تېنىمدىن ئۈنۈپ چىققان گىگانت قولغا ئوخشايدىغان بىر تۈپ سۆگەت بار ئىدى. ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان بارماقلارغا ئوخشايدىغان شاخلىرىغا قۇشلار قونىۋالغان ئىدى... بۇنىڭدىن 22 يىل ئىلگىرى، كۆز يەتكۈسىز تاشلىق سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە ۋەيرانە يېزىدا ئىسكەندەر ماڭا:«مەن ھەرگىز تەغدىرىمگە تەن بەرمەيمەن، قاراپ تۇر مەن تېخى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن.چوڭ شەھەرلەردە كاتتا ئورۇنلاردا ئىشلەيمەن... گېپىمگە كۈلمە، ئەمەلدارمۇ بولۇپ قالامدىم تېخى! شۇ چاغدا... سەن نەدىلا بولغىن، پەقەت خەققە تېگىۋالمىساڭلا بولدى، مەن سېنى ئىزدەپ تاپىمەن، مېنى چوقۇم ساقلاپتۇر!» دېگەن ئىدى. ئىسكەندەر يۆلۈنۈپ تۇرغان ئاسمان پەلەك ئىگىز سۆۋادانىڭ خازان بولغان يوپۇرماقلىرى سوغۇق شامالدا پىرقىراپ ئۇچۇپ چۇشىۋاتاتتى. بىر تال يوپۇرماق دەل ئىسكەندەرنىڭ مۈرىسىگە قوندى. ئۇ تېخى يېشىل رەڭگىنى، پارقىراقلىقىنى يوقاتمىغان يوپۇرماق ئىدى. ئىسكەندەر ئۇنى ئالقىنىغا ئېلىپ بىردەم سىلاپ



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

تۇرغاندىن كېيىن:« مانا مۇشۇ يوپۇرماق بۇگۈنكى سۆزلىرىمنىڭ گۇۋاھى بولۇپ قالسۇن، ئۇنى خاتىرەمنىڭ ئارىسىدا ساقلايمەن »دېدى.

ئىككىنچى يىلى ھەققەتەنمۇ جەنۇبىي جوڭگۇدىكى بىر ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مەنمۇ كەتتىم. خۇددى ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىلىرىدەك تەرەپ_تەرەپكە كەتتۇق، بىراق ، يۈرەكنىڭ قېتىغا ئورناپ كەتكەن ئاشۇ ۋەدىلەر قېنى؟ ئاشۇ ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئۇ ماڭا ئاران ئىككى پارچە خەت يازدى .كېيىن پەقەتلا خەت يازماس بولدى. ھاياتىمدىكى تۇنجى مۇھەببىتىم گويا بالىخانىغا تاشلاپ قويۇلغان كونا خاتىرىدەك يىللارنىڭ چاڭ_توزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئىدى. كۈتمىگەندە ئۇ يەنە قولۇمغا چىقىپ قالدى. ئۇنىڭدىكى ئىزلار ئۆچۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتىمىكىن ياكى چاڭ_توزان ئاستىدا ھېلىمۇ پارقىراپ يېلىنجاپ تۇرامدىكىن؟

گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى . ئەتراپ گويا خىيالدەك تۇتۇق، سېھىرلىك تۇس ئالدى. توساتتىن دەرەخلەر ئۈستىدىن قۇشلارنىڭ ئەنسىز قانات قېقىشلىرى ۋە چۇۋۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ قالدى.ھايال ئۆتمەي ئورمانلىق دېگىز دولقۇنىدەك شاۋقۇنلاشقاپ، دەرەخلەر ھەريان ئېرغاڭلاشقا باشلىدى. شاۋقۇن بارغانسېرى كۈچەيدى .سۆگەت شاخلىرى ئېچىنىشلىق غىرسىلداپ ئۈچى يەرگە تەگكىچە ئېگىلەتتى، ئاجايىپ بىر كۈچ بىلەن ئۆزىنى بىر پەس رۇسلايتتى. بىراق بوران مەيلىگە قويمايتتى. ئازابلىق ئېلىشىش يەنە باشلىناتتى... بوراندا چۇۋۇلغان چاچلىرىمنى تۇزىگەچ كەلگەن يولۇمغا قاراپ يۈگۈردۈم. شامال مەن بىلەن ئېيتىشاتتى، كەينىمگە كۈچ بىلەن ئىتتىرەتتى، چاچلىرىمنى چۇۋۇپ ئوينايتتى ، كۆڭلىكىمنى كۆپتۈرەتتى. خۇددى بالىلىق ۋاقتلىرىمغا قايتقاندەك بولدۇم. شامالغا قارشى مۇشۇنداق مېڭىش ماڭا ئاجايىپ كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى...

يىراق قەدىمقى زامان بىلەن يېقىنقى ئۆتمۈش ئوتتۇرىسىدا، ھېسسىياتسىز تارىخ بىلەن قەلب سادالىرىم ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇنداق يىرىم كۈن ئېلىشتىم. چارچاپ ماجالىم قالمىدى.

چۈشتىن كېيىن ھەممىمىز دوختۇرخانىغا يەنە بىر خىزمەتدىشىم پەرىزەنى يوقلاپ باردۇق. شۇنداق قاۋۇل، گۈزەل ھەم تېتىك بىر ئايال ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. بىچارە ئۆيۈم، باللىرىم، خىزمىتىم دەپ تېنىم تاپمايتتى .راكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئىكەن. كۆڭلىدە ھەممىنى تۇيۇپ تۇرسى كېرەك. بىچارە تۆكۈلۈپ-تۆكۈلۈپ يىغلىدى، بىزمۇ يىغلىدۇق. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ يىغلىدۇق .ئۇ ئىشخانىمىزنىڭ گۈلى، ئىككى ئايدا بىر چىقىدىغان ژورنىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى .ھۆسۈندىمۇ، ئەقلىدىمۇ بار ، ھەممە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ھەقىقى ئايال ئىدى .دۇنيادا كامالەتكە يەتكەن گۈزەل شەيئىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بىراق ، ھاقىقى گۈزەللىكنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇشى بىر قانۇنىيەتمىدۇ؟ قات-قېتىدىن سولۇپ، قۇرۇشقا باشلىغان بىر تال گۈل، كۆيۈپ، ئېرىپ، ئېقىپ تۈگىگەن،پىلدىرلاپ ئۈچۈش ئالدىدا تۇرغان شام ... بىر نەچچە ۋاقىتقىچە كۆز ئالدىمدىلا تۇردى.

*     *     *     *     *     *     *     *

كەچتە ئۆيگە قايتقىنىمدا باللىرىم تىلۋىزۇر كۆرۈپ ئولتۇرغان بولىدۇ. ئۇلار تىلۋىزۇرنىڭ ئالدىدا چوڭ بولدى .تىلۋىزۇردىن بەك كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندى. بىزنىڭ شۇ يېشىمىزدا كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان ئالەم ئايرۇپىلانى، ماشىنا ئادەم ، ئالەم كىشىلىرى ۋە ئۇچار تەخسە ھەققىدىكى



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

پاراڭلا، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلار ئۇلار ئۈچۈن سىر ئەمەس . ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم مىكائىل جوردان بىلەن مىكائىل جېكسۇن توغرىسىدا خۇددى ئۆز سىنىپىدىكى بىرەر ساۋاقدىشى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقاندەك ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيدۇ. تاپقان پۇلىغا رىچارت كىلەيدىماننىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى سېتىۋالىدىغان قىزلىرىمۇ يېقىندىن بېرى مىكائىل جېكسۇنغا مەپتۇن بولۇپ كېتىشتى. ھازىر ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدە ، ئۇلارنىڭ كىتاب-دەپتەرلىرىنىڭ تېشىدىمۇ بۇ مەشھۇر نېگىر چولپاننى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

باللارغا نىسبەتەن تىلۋىزۇرنىڭ پايدىسى كۆپمۇ ياكى زىيىنىمۇ؟ مەن دائىم شۇنداق ئويلايمەن، ئۇلارنىڭ ئەتىدىن-كەچكىچە تىلۋىزۇردىن كۆرىدىغىنى خەقنىڭ، چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرى، مۇنداق كېتىۋەرسە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالامسىمۇ؟ كىچىك چاغلىرىمىزدا بىز ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدىغان مال بېقىش ، سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش ،ئوت قالاش ، كۆل ئېلىشتەك ئىشلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ئالتۇن كەش»چۆچىكىدىكى يېتىم قىزنىڭ سەرگۈزەشتىسى، خالاس . ئۈچ كۈندە بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن ئەخلەت تۆكۈش ئۇلار ئۈچۈن بىر بەختسىزلىك . جىلتىسىنى تاشلاپلا يۇمشاق دىۋاندا يانپاشلاپ يېتىپ كەچكىچە تىلۋىزۇر كۆرۈش بىلەن ئۆتكەن باللىقتىن ئارزۇلىغۇدەك ، ئەسكە ئالغۇدەك بىرەر نەرسە قالارمۇ؟ ئۇزاقتىن بۇيان گېزىتكە مۇشۇ ھەقتە ماقالە يېزىشنى ئويلاۋاتىمەن،بىراق ئارزۇيۇم ئارزۇ پېتىچە قالدى. ھەر ئاخشىمى ئورنۇمغا ئۆزۈمنى ئاتقۇچە ئاران ماڭغۇدەك ھالغا كېلىپ قالىمەن . قايسى بىر كۈنى سائادەتلەرنىڭ ئۆيىگە كەلگەن چەتئەللىك تۇققىنى: «سىلەر ياشاشنى بىلمەيدىكەنسىلەر،ھاياتنى قەدىرلىمەيدىكەنسىلەر. نىمە ئۈچۈن چىرايلىق كىيىنىپ، گىرىم قىلىپ يۈرمەيسىلەر؟ نىمە ئۈچۈن كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش

سورۇنلىرىغا بېرىپ كۆڭۈل ئاچمايسىلەر؟ ئايال كىشى ئۆيقىسىز ، تاماقسىز قالسا مەيلىكى، پەردازسىز قالماسلىقى كېرەك»دېدى. ئۇنىڭ ئېيتقىنىمۇ توغرىدۇ،بىراق، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئېرىمنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ ھاراق ئىچمەي ، بالدۇرراق قايتىپ كەلگىنلىكىنى كۆرۈش ئىكەنلىكىنى بىلسە، نىمە دەركىن؟

مەن تاتلىق ئۆيقىغا كەتكەن باللىرىمنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىمەن، قولۇم ئىشقا بارمايدۇ. ئۇ بۈگۈن ساق كېلەرمۇ ياكى مەستمۇ؟ خوشال كېلەرمۇ ياكى خاپىمۇ؟ يېرىم كېچىدىكى تاراق-تۇرۇق، قىيا-چىيادىن باللىرىمنىڭ قارا باسقاندەك چۆچەكەپ ئويغانغان چاغدىكى بىچارە ھالىتىنى كۆرۈش، ئاشۇ نارىسىدىلەرنىڭ ئەڭ مەدىنيەتسىز ئادەملەرنىڭمۇ ئاغزىدىن چىقمايدىغان ئەپسانە تىللارنى ئاڭلاۋېرىشىنى خالىمايمەن، زادىلا خالىمايمەن.

بىر قېتىم ئابلىكىم يېرىم كېچىدە كېلىپ ، ئۇرىدىغاننى ئۇرۇپ، چاقىدىغاننى چېقىپ خورۇلداپ ئۇيقىغا كەتكەندە كىچىك قىزىم ئۇشتۇمتۇت:«ئاپا، ئۇنى بالكۇندىن تاشلىۋېتەيلى!»دېدى. يىگەن تاياقلىرىمغا يىغلىماي، قىزىمنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىگە يىغلىدىم.مۇشۇمۇ ئائىلە بولدىمۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە باللارنىڭ كۆڭلىدە ئۆچمەنلىكتىن باشقا نەرسىمۇ قالارمۇ؟

يېشىمەنى سۈرتىۋېتىپ:

——ئۇنداق دېمەڭ قىزىم،ئۇ سىلەرنىڭ داداڭلار ،ھەممىڭلارنىڭ دادىسى...

—— دېدىم. بىراق ئوغلۇم نەپرەتلەنگەن ھالدا سۆزۈمگە سوئال بىلەن جاۋاب بەردى:

—— ئاپا، سىز قانداق بولۇپ مۇشۇنداق ئادەم بىلەن توي قىلىپ

قالغانسىز ؟ مەن ئۇنىڭ مېنىڭ دادام بولۇپ قالغىنىدىن ئەپسۇسلىنىمەن.

راست، قانداق بولۇپ مۇنچە بەختى قارا بولۇپ قالغاندىمەن؟ بىر-بىرىنىڭ قەدرىنى، ئىززەت- ھۆرمىتىنى قىلىشىپ ئۆتىدىغان ئادەملەر قانداق ئادەملەردۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن .

مەن دادامنىڭ تاماكا ھەم ناسۋال سېتىپ تاپقان جۇل-جۇل، پارچە - پۇرات پۇللىرى بىلەن باققان ۋە ئوقۇتقان ئائىلە بالىسى ئىچىدىكى ئەڭ «تەلەيلىكى»ئىدىم. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇرتۇمغا ئاتا- ئانامنى يوقلاپ بارغان چېغىمدا دادامنىڭ مەن بىلەن ئەيمىنىپ ھەتتا سەل ئىزا تارتقاندەك كۆرۈشكۈنى ھېلىمۇ شۇنداق ئېسىمدە، مەن ئۆيدە تۇرغان بىر ئاي جەريانىدا ئۇ ھېيت-بايراملاردا كىيىدىغان چىبەرقۇت شىم-تونجۇركىسىنى كىيىپ يۈرگەن. ئانامغا، بىر تۇققانلىرىمغا ئىلگىرىكىدەك قوپاللىقمۇ قىلمىغان ئىدى. سىڭلىم بىلەن بىر قېتىم دۇكىنىغا تاماق ئېلىپ بارساق، دادامنىڭ قېشىدا مېھمان بار ئىكەن، ئۇ مېھمانغا»: بىزنىڭ جەمەتىمىز ئەسلى ماڭا ئوخشاش مۇنداق ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئەمەس ئىدى. چوڭ دادام مىسىردا ئوقۇغان ، توشقان موللا كىشى بولىدىغان . خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ ئەرۋاھىنىڭ قوللىشى بىلەن مېنىڭ باللىرىمنىڭ ئىچىدىن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىقتى، بۇنى ئويلىسام بالا باقمەن دەپ چەككەن جاپايىم كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ... » دەۋېتىپتۇ. ئۇ ناھايىتى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ مېنى مېھمانغا تونۇشتۇردى. مېنىڭ ئۈرۈمچىدە كاتتا ئورۇنغا تەقسىم قىلىنغانلىقىمنى سۆزلەپ بىر ھازا ماختاندى. بىچارە دادام... ئەنە شۇندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە ئىلگىرىكىدەك تاش يۈرەك ، قوپال كۆرۈنمەيدىغان بولغان ئىدى.

بىر ئايدىن كېيىن ئۈرۈنچىگە— دادام كىشىلەر ئالدىدا ماختانغان

«كاتتا ئىدارە»گە كەتتىم . دەسلەپتە مۇساپىرچىلىق ، يالغۇزلۇق خېلىلا ئېغىر كەلدى. ئۆزۈم چوڭ بولغان نامرات، ئەمما ئاۋات ئائىلەم، بىر تۇققانلىرىم، ئاتا-ئانام كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. شۇ مۇنلەردە ماڭا قولىنى سۇنغان، كۈندەك ئوچۇق چىراي، ئىللىق مېھرى بىلەن قەلبىمنى ئىسسىتقان دوستۇم ماھىنۇر بولمىغان بولسا، ئىس-تۈتەك ئىچىدىكى بۇ سوغۇق، مېھرىسىز شەھەردىن كېتىپ قالغان بولاتتىم،ئۇ ئالىي مەكتەپنى مەندىن بىر يىل ئىلگىرى پۈتتۈرگەن ئېگىز بوي، ئاق يۈزلۈك، يوغان قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان قىز ئىدى .تۈم قارا چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈپ بېشىغا چەمبىرەك شەكلىدە ئورىۋالاتتى. بۇ ئۇنىڭغا بەك ياراشاتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا ، شوخ، ئەركىن مىجەزىگە ھەۋەس قىلاتتىم. ئۇنىڭ يىگىتى ئابلىكىمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە دۇنيادا ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك يىگىت ئىدى. شەنبە، يەكشەنبىلەرنى ئۈچىمىز بىللە ئۆتكۈزەتتۇق. ھەر قېتىم ، ئابلىكىم كەلگەندە ئۇلارنى خالىي قالدۇرۇش ئۈچۈن سىرتقا ماڭسام ماھىنۇر:«ئابلىكىمنىڭ كەلگىنىگە خاپا بولدۇڭمۇ نىمە؟ ئۇنداق بولسا بىز بىلەن بىللە ئولتۇرىۋەر. ئابلىكىم ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ تويۇشۇپمۇ بولغان.»دەپ قولۇمدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئابلىكىم كېلىشكەن،چاخچاقچى يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش كىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. بەزىدە ئۈچىمىز باغچىلارغا ، شاھەر سىرتىغا پۇخادىن چىققىچە ئويناپ قايتاتتۇق. شەنبە-يەكشەنبىلەردە توي-چايلارغا بىللە باراتتۇق، بۇ جەرياندا ماڭا تەكلىپ قويغۇچىلارمۇ بولدى. ماينۇر بىلەن ئابلىكىممۇ بىر نەچچە ساۋاقداشىنى سايە قىلىپ بېقىشتى. ھەممىسىلا خېلى يامان ئەمەس باللار ئىدى.بىراق ، ئابلىكىم بىلەن ماھىنۇرنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرى شۇنچە كۈچلۈك ئىدى، ماڭا دۇنيادىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى ماھىنۇرغا،



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

www.bizning.com

يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئابلىكىمگە ئوخشىشى كېرەكتەك تۇيۇلاتتى. ئالدىمغا كەلگەن يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئابلىكىمگە سېلىشتۇراتتىم . ئۇلار يا ئابلىكىمدەك قامەتلىك ئەمەس، يا ئۇنىڭدەك چاخچاقچى ئەمەس، يا بولمىسا ئۇنىڭدەك قولى ئوچۇق ئەمەس بولۇپ چىقاتتى. خىيال قىلسام نى-نى ياخشى باللارنى ئەنە شۇنداق قىلىپ قولدىن بېرىپ قويغان ئىكەنمەن .

ئۇلار ئىككىنچى يىلى ئۆكتەبىردە توي قىلماقچى بولۇپ يۈرتىغا كېتىشكەنىدى . بىر ئايدىن كېيىن ئابلىكىم ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەلدى. بىر ئازنىشمى ئۇ مېنى يوقلاپ كېلىپ، ئازاپلانغان ھالدا ماھىنۇر ئىككىسىنىڭ توي ئىشى قانداق بۇزۇلغانلىقىنى ، ماھىنۇرنىڭ ئاتا-ئانىسى تاپقان لايىق بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . شۇنچە يىل يۈرۈپ ماھىنۇرنىڭ مال-دۇنياغا مۇنچە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىكەنمەن، دەپ بەكمۇ ھەسرەتلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پات-پات كېلىدىغان بولدى. كۆز ئايلىرىنىڭ سوغۇق ھەم تۇمانلىق بىر ئاخشىمى ئۇ مېنى سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئىككىمىز قاراڭغۇ كوچىلاردا كىشىنىڭ يۈز-كۆزىگە مۇزدەك ئۇرىنىدىغان نەمخۇش ھاۋادا يۈرۈپ، شەھەرنى ئايلاندۇق، قاچانلاردىدۇر سىملداپ يېغىشقا باشلىغان يامغۇر ئۇششۇمتۇت ئەدەپ كەتتى. ئىككىمىز يول بويىغا تاشلاپ قويۇلغان كونا قاراۋۇل بوتكىسىغا كىرىپ يامغۇردىن پانالاندۇق. تاماكا بىلەن قوي تېرىسىنىڭ ۋە چىرىگەن ياغاچنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بوتكا ئىچىدە ئابلىكىم ياغاچ تامغا چاپلىشىپ تۇرۇپ قەلبىدىكى ئازاب ۋە مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى، يالغۇزلۇق، غېرىپلىق دەردىدە ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازاب ۋە مۇھەببەتنىڭ، ئاشۇ كۆز ياشلىرىنىڭ

ماڭا تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى مەن كېيىن بىلدىم . ئاشۇ كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم. ئىچىمدە ئوتتەك بىر نەرسە لاۋۇلداپ ياناتتى، تامىقىم قۇرۇپ ، نەپسىم بۇغۇلاتتى. مەن بارلىقىم-ياشلىقىم ۋە مۇھەببىتىم بىلەن ئۇنى بەختلىك قىلىشنى ، ئۇنىڭ دەردلىك قەلبىگە ھەمدەم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم-يۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، يېقىن دوستۇمنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن توي قىلىشنى خالىمايتتىم. چۈنكى كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ راستىنلا تۈگىشىپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنەلمەيتتىم ھەم قىيالمايتتىم. بىراق مەن ئازابلىق روھىي كۈرەش قايىنىمىدىن تېخى ئۈزۈپ چىقالماي تۇرۇپ ، تېخى بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپ ئۆزۈمنى تويى بولىدىغان قىز ھالىتىدە كۆردۈم. دەل توي كۈنىمىزگە ئۈلگىرىپ يۇرتىدىن قايتىپ كەلگەن ماھىنۇر ئۆز ھاياتى بەدىلىگە مېنىڭ مۇھەببەت، بەخت ھەققىدىكى خام- خىياللىرىمنى بىتچىت قىلىۋەتتى .ئابلىكىم بىرەر يىللارغىچە مېنىڭ چىرايىمغا قارىمىدى، يېنىمغا يېقىن يولىمىدى .ئۇيلىسام ئاشۇ چاغلاردا قانداقمۇ ئۆيىنى، ئابلىكىمنى تاشلاپ بېشىم قايغانياقلارغا كېتىپ قالمىغىنىمغا، ئاشۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ چىداپ ئۆتكۈزگىنىمگە ھەيران قالىمەن . بۇ بەلكىم مۇھەببەتنىڭ كۈچى بولسا كېرەك . چۈنكى مەن ئۇ چاغلاردا ئابلىكىمنى چىن قەلبىمدىن سۆيەتتىم، ئۇنىڭ ئاستا-ئاستا ماھىنۇرنى ئۇنتۇپ، رىئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا تەشنا ئىدىم، بىراق كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. ماھىنۇرنى ئابلىكىملا ئەمەس ، مەنمۇ ئۇنتىيالمىدىم، ئۇخلاۋاتقاندا ، تاماق يەۋاتقاندا ياكى گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم .بېرىم كېچىلەردە ئۇشتۇمتۇت ئويغۇنۇپ كېتىپ قالسام، ئابلىكىمنىڭ دېرىزە ئالدىدا پۇقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۇ شۇ ھالەتتە سائەتلەپ ئولتۇراتتى، گاھىدا مېنى قۇچاقلاۋېتىپ كۆزلىرى

نەگىدۇر بىر يەرگە تىكىلىپ قالاتتى-دە ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ نېرى كېتەتتى. مەن ئۇنىڭمۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭلىرىدىن ماھنۇرنىڭ ئاپئاق نۇردەك سىماسىنى،ئەلەملىك كۆزلىرىنى كۆرىدىغانلىقىنى ، ئۇھ تارتىشلىرى ۋە ئاياق تىۋىشلىرىنى ئاڭلايدىغانلىغىنى بىلەتتىم.ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ماھنۇر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدا، مۇھەببەت بىلەن مەجبۇرىيەت ئوتتۇرىسىدا نەقەدەر ئازاپلىنىپ، تېڭىرقاپ يۈرۈيدىغانلىقىنى سېزەتتىم. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى، ھەممىدىنمۇ بىر ئەرۋاھ بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان ئۆزۈمگە ئېچىناتتىم.

بۇ ئېچىنىش بارا-بارا غەزەپكە، قارشىلىققا ئايلاندى. مەن ئۆيۈمدىكى ماھنۇرنى ئەسلىتىدىغان ھەممە نەرسىنى --ئۇچىمىز بىرگە چۈشكەن سۈرەتلەرنى، ئۇنىڭ ئابلىكىمگە توقۇپ بەرگەن پوپايكىسىنى، ئىككىسى بىللە ئالغان ، ئابلىكىم پات-پات قولىغا ئېلىپ سىلاپ كېتىدىغان كىتابلارنى كۆيدۈرىۋەتتىم.مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئابلىكىم ماڭا تۇنجى قېتىم قول تەككۈزدى. مەن ئەسلى شۇ چاغدا بولسىمۇ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىم كېرەك ئىدى، بىراق مەن چىقىپ كەتمىدىم، كېيىنمۇ چىقىپ كەتمىدىم. شۇنى ئويلىساملا ئۆزۈمدىن قاتتىق نەپرەتلىنىمەن .

شۇندىن باشلاپ ئابلىكىم ھە دېسىلا ھاراق ئىچىۋېلىپ مېنى ئۇرىدىغان بولدى. ئۇ مېنىڭ ئېغىرئاياغلىقىمنى ياكى تۇغۇتتىن يېڭى تۇرغانلىقىمغا قارىماي، چاچلىرىمنى توغاپ ، تېگىگە بېسىپ مۇشتلايتتى، تېپەتتى. بۇنىڭغا پەقەت بىرەر ئېغىز گەپ ياكى يوقلالاڭ تاكالللىششلار باھانە بولاتتى. مەن ئۇنىڭ تەلۋىلىكىدىن ئالايغان ، قان، ئۆزمەنلىك تولغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ نورمال ئادەملىكىگە ئىشىنەلمەي قالاتتىم. قورقۇپ تالاغا قېچىپ چىقىۋالاتتىم. باللىرىمنىڭ چوڭىنى يېتىلەپ، كىچىكىنى باغرىمغا بېسىپ، قاراڭغۇ كوچىلاردا بىر - ئىككى سائەت

ئايلىنىپ يۈرەتتىم، ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە ئۇ خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالغان بولاتتى. ئەتىسى ئەتتىگەندە گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك قوپاتتى ياكى باللاردىن، مەندىن ئەپۇ سورايتتى .ھەپتە-ئايلارنى تىنىچلىق، ئىناقلىق ئىچىدە ئۆتكۈزەتتۇق. ئاشۇ تىنىچ، خاتىرجەم كۈنلەرنىڭ ئالدىدا يېگەن تاياقلىرىم، ئىشتكەن ئاھانەتلىرىم كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى .بىراق ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمايتتى. تويۇقسىز بىر كۈنى ئۇ يەنە غەرق مەست كېلىپ» سەن مېنىڭ ھاياتىمنى ۋەيران قىلدىڭ، قانداق بولۇپ سەن بىلەن تونۇشۇپ قالغان بولغايتتىم؟»دەيتتى. ھوجرا ئۆيگە سولىۋېلىپ كېچىچە قوپاللىق بىلەن ئازاپلايتتى، خورلايتتى ، ئۇ خۇددى تۈرۈپلا ئادەمگە، تۈرۈپلا ئىبلىسقا ئايلىنىپ قالىدىغان غەلىتە مەخلۇققا ئوخشايتتى. كىشىنى ھەڭ-تاڭ قالدۇراتتى، سەسكەندۈرەتتى. لېكىن ئۇنى ئىبلىسقا چىقىرىۋېتىشكىمۇ كۆڭۈل ئۇنىمايتتى،چۈنكى ئۇنىڭ بىچارە، ئاق كۆڭۈل ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. ئادەمنىڭ ئادەم بولمىقى تەس بولغىنىدەك، باشقىلارنى چۈشەنمىكى-- مەيلى ئۇ ئۆزى بىلەن شۇنچە ئۇزاق بىللە ياشىغان ئادەم بولسىمۇ -- ئاجايىپ تەس بىر ئىش ئىكەن . مەن ئابلىكىمنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداق ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇنداق بولۇپ قېلىشىدا ئۆزۈمنىڭ ئەيىپلىك ئەمەسلىكىنى ناھايىتى كۆپ يىللاردىن كېيىن ئاستا-ئاستا چۈشەندىم. ئۆتكەن كۈلىرىمنى كۆز ئالدىمغا كەرتۈرسەم، ئۇنىڭ مېنى ھېچقاچان چىن كۆڭلىدىن سۆيمىگەنلىكىنى ئازراق بولسىمۇ قەدىرلىمەيدىغانلىقىنى،ھەتتا ماڭا ھېچقاچان ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلارتىم، كەلگۈسىنى بولسا تەسەۋۋۇر قىلىشتىن قورقاتتىم ، ئۇ گويا تۇمان باسقان قەبرىلەر چوقچىيىپ تۇرغان ۋەھىمىلىك ھەم ئازابلىق دالىدەك كۆز ئالدىمغا كېلەتتى .

يىللاردىن بۇيان كۆزۈمنى توسۋالغان خىيالىي پەردىلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، خام خىياللىرىم بەربات بولغاندىن كېيىن، ھايات مەن ئۈچۈن يوق، ئازاب بولۇپ قالدى. مەن خۇددى كېسەل تەگكەن قۇشتەك قانات ـ قۇيرۇقۇمنى يىغىپ، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ شۈمشىيىپ قالدىم. دۇنياغا ھارغىن، سوغۇق نەزەر تاشلايتتىم. بىراق تۇرمۇش غېمى، خىزمەت يۈكى ماڭا بىردەممۇ ئارام بەرمەيتتى.

ئادەملەرنىڭ پارتلاش خاراكتېرىدە كۆپىيىپ، ھايات يوللىرىمىزنىڭ ئېتىلىپ كېتىۋاتقانلىقى، بۇغىنىپ كېتىۋاتقان ھاۋا، تەبىئىي پۇرىقى، تەمنى يوقاتقان، گۆپۈلدەپ خىمىيىۋى ئوغۇت پۇراپ تۇرىدىغان كۆكتاتلار، بارغانسىرى ساختىلىشىپ كېتىۋاتقان ماللار ۋە ئادەملەر روھىم ھەم جىسمىمغا ھەر مىنۇت، ھەر سېكونت تەسىر كۆرسىتەتتى. تۇيۇقسىز يەر تەۋرەپ ئېگىز بىنالارنىڭ تېگىگە تىرىك كۆمۈلۈپ قېلىشتىن، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ۋايىم يەيتتىم، باللىرىم ئەتىنگەندە ئىشكتىن چىقىپ كەتكەندىن تارتىپ كەچتە ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگۈچە، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان جىنايى ئەنزە ۋە قاتناش ھادىسىلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يۈرۈكۈم سۇ بولاتتى. مەن نورمال ئادەممۇ؟ بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل روھىي ھالەت بارمىدۇ، بۇنى بىلمەيتتىم. بىراق، بىر ئەتىيازدا ئىشخانامدىلا يىقىلىپ قالدىم. دوختۇرلار مېنىڭ كېسىلىمگە ئېنىق دىياگنوز قويالمىدى. ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە غەرىپچە دورىلار ماڭا ئانچە كۆپ تەسىر كۆرسىتەلمىدى.ئەكسىچە، ئاشۇ قېتىمقى داۋالىنىشتىن كېيىن تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتىم. مەن خۇددى پىلە قۇرۇتىدەك خىياللىرىمدا توقۇغان پىنھان ماكاندا ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم ياشايتتىم، ئۆزۈمنى ھويا 100 ياشلىق موماي لاردەك سېزەتتىم. ئەمەلىيەتتە مەن تېخى بۈگۈن 39 ياشقا كىردىم.

بۇنىڭدىن39 يىل ئىلگىرىكى مۇشۇنداق بىر كېچىدە ئانام بىر ئەسكى ئۆيدە تۇغۇت ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن مېنى تۇغۇپتۇ، مېنىڭ قىز ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ، ماڭا قاراشنى خالىماي بېشىنى تام تەرەپكە قىلىپ يىغلىۋېتىپتۇ ، بىچارە ئانام، ئۇ بەلكىم ئوغۇل تۇغۇش ئارزۇسىنىڭ يوققا چىققىنىغا يىغلىغاندۇ ياكى ئىككىلا سەۋەب باردۇ... ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمدىن خوشال بولغان ياكى ئۇنى ئېسىمدە ساقلىغان بىرەر كىشى بولغان ئەمەس، پەقەت بىر تال پوچتا ئاتكىرىتكىسى، خاتىرىدە ئۇزاق ساقلانغان يوپۇرماق، جاھاننى بىر ئېلىپ تۆكۈلىۋاتقان كۆز يوپۇرماقلىرىلا ئۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلار مېنى ئۇنتىمايدۇ، ھايات بەخش ئەتكۈچى لېرىك مۇزىكىغا ئوخشاش تەنھا، ئازابلىق قەلبىمنى يىلدا بىر قېتىم ئەللىتىدۇ...

ئۆي--- ئىنسان ئۇچۇن پاناھ جاي، ئارامگاھ، ئۇ ھەم جەننەت، ھەم دوزاخ، ئىشىكلىرى مەھكەم يېپىلغان، دېرىزىسىدىن چىراغ نۇرى پارقىراپ تۇرغان ئاشۇ سان-ساناقسىز ئۆيلەردە ھەر كۈنى، ھەر سائەت كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ كومېدىيە ياكى تىراگېدىيىلىرى قويۇلۇپ تۇرىدۇ، ئاشۇ كىشىلەر سىرتقا چىقىدىغان چاغدا ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ، چۇۋۇق چاچلىرىنى تاراپ، ياقىسى قاردەك ئاپئاق كۆڭلەك، مودا كىيىملەرنى كىيىشىدۇ، يۈز-كۆزىنى ئۇپا-ئەڭلىكلەر بىلەن بويايدۇ، قەددى-قامىتى ۋە چىرايىغا ئۇلۇغۋار، مەغرۇر، لاتاپەتلىك تۈس بېرىشىپ ئۆزلىرى ۋە بىر-بىرىنى ئالدايدۇ.ئۆزلىرىنى ماختاش، باشقىلارنى چۆكۈرۈش، مەسخىرە قىلىش ھېسابىغا روھىي دۇنياسىدىكى تولدۇرۇپ بولغۇسىز بوشلۇقنى، قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى ۋە گاڭگىراشلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسان بىر-بىرىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدا، ھايۋانىي ئىستەك

بىلەن ئەقىل ئوتتۇرىسىدا، دوزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا تىركىشىدۇ ۋە بۇ تىركىشىشتىن لەززەت ئالىدۇ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى هايات، ئۆي هاياتىنىڭ سەھنىسى.

ئوتتۇراهال كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مېھمانخانا، باللار ئۆيى، هوجرا ۋە ئىشخانىدىن تەركىپ تاپقان ئۈچ ئېغىزلىق كىچىك ئۆي——مېنىڭ ئۆيۈم، مېھمانخانام ئازادە، تىنچ، بۇ يەردە بۇلۇڭغا قويۇلغان كۆپ قىرلىق ئەينەكلىك ئىشكاپ،تامغا ئېسىلغان گىلەم،دىۋاندىن باشقا نەرسە يوق. دىۋاننىڭ يېنىدىكى كىچىك شىرەدە تاۋار تاشلىق يوغان ئەلبوم تاشلاقلىق تۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئائىلە بويىچە چۈشكەن رەڭلىك سۈرەتىمىز چاپلانغان، بۇ سۈرەتنى دەسلەپ كورگەن هەرقانداق كىشى ئۇنىڭدىن خىلغىچە كۆزىنى ئالالمايدۇ، نەقەدەر بەختلىك ئائىلە-هە...

هاۋارەڭ كۆڭلەك كىيىپ، جىگەر رەڭ گالستۇك تاقىغان، قەددى-قامەتلىك، مەردانە ئەر، زىلۋا، تېقىملىق هەم مېھرىبان كۆرۈنىدىغان ئاق كۆڭلەكلىك ئايال، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان13——14 ياشلاردىكى چىرايلىق ئوغۇل بالا، بىر خىل كۆڭلەكلەرنى كىيىشلەن بىرى 10 ياشلاردىكى، يەنە بىرى 6 ياشلاردىكى ئوماق ئىككى قىز، ئوغۇل بالا بىلەن كىچىك قىزنىڭ چىرايىدىن شوخلۇق، ئەركىنلىك چىقىپ تۇرىدۇ، چوڭراق قىز جىمغۇر، ئويچان كۆزلىرىنى تىكىپ، ئۇدۇلغا چوڭ كىشلەردەك جىددىي قاراپ تۇرىدۇ.

بۇ ئالدىنقى يىلدىكى قۇربان ھېيتنىڭ خاتىرىسى، بىز باللارنى ئېلىپ سىرتتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، چوڭ قىزىم:«ئاپا، دادا، بۈگۈن هەممىمىز رەسىمگە چۈشۈۋالايلىچۇ، بىز ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك هەممىمىز بىللە سىرتقا چىقىپ باقمىغان» دەپ تۇرىۋالدى، شۇ يولدا دەل بىر

رەسىمخانا بار ئىدى.

كىچىك شىرەنىڭ يېنىدا قۇرۇغدالغان ياكى يېرىم ئىچىلغان ھاراق بوتۇلكىلىرى تىزىلىپ تۇرىدۇ، بۇلار بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى بەزمىنىڭ خاتىرىسى، ئۇ كۈنى ئابلىكىم بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئىچىشتى، ناخشا ئېيتىشتى، ۋارقىراپ-جارقىراشتى، ئاخىرى ياتقىنى ياتقان، ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان يەردە ئۇخلاپ قېتىپ قېلىشتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىدىن ياخشى كۆتۈلگەن، قاۋۇل، كېلىشكەن ئەرلەر، ئۇلار ئىدارىلاردا بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ كېتىدۇ، كەچ كىرىشى بىلەنلا ئىچىپ قىززىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى پۈتۈن جاھاننىڭ خوجايىنىدەك سېزىشىدۇ،دۇنيانىڭ، مىللەتنىڭ ئۈستىدىن قايغۇرىشىدۇ، يىغلىشىدۇ، تىللىشىدۇ، دۇنيانى باشقىدىن قۇرماقچى بولىشىدۇ،ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆمۈرۋايەت ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي ئۆتۈپ كېتىشىدۇ، مەن ئۇنداق ئەرلەرگە قارىغاندا تىنىمسىز مېھنىتى بىلەن ئائىلىسىنى گۈللەندۈرىدىغان ۋات-ۋات خوتۇنلارنى، كوچىلاردا ھاراقا سۆرەپ باقىالچىلىق قىلىپ، كۆكتات سېتىپ خوتۇن-باللىرىنى باقىدىغان ئەرلەرنى ھۆرمەتلەيمەن.

يەردە بىلەن ئىككىگە بۆلۈنگەن باللار ئۆيىنىڭ بىر تەرىپى ئوغلۇمنىڭ، يەنە بىر تەرىپى ئىككى قىزىمنىڭ دۇنياسى، ئۆيىنىڭ بۆلۈكىدىكى يوغان كىتاب ئىشكاپى بىلەن رەڭسىز تېلېۋىزورغا ئۇلار ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن توختىماي ئۇرۇش-تالاش قىلىدۇ، بۇنداق ئۇرۇش -تالاشلار كۆپ ھاللاردا خۇددى چوڭ ئادەملەرنىڭ ئۇرۇش-تالاشلىرىغا ئوخشاش، ھەممىدىن چوڭ، كۈچلۈك ھەم قۇۋ كەلگەن ئوغلۇمنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلىشىدۇ، بۆلۈكىدىكى تار، ئۇزۇنچاق كەلگەن كىچىك ئۆي ئابلىكىم ئىككىمىزنىڭ

هوجرىسى، بىر ئۆيدە ئىككى كارۋات، بىر كونىچە كىيىم ئىشكاپى، دېرىزە تەكچىسىدە قۇرۇپ قالغان بىر تەشتەك ئانار گۈل بار، مەن يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىقىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە بۇ گۈلگە ھەر كۈنى سۇ قۇيۇپ تۇرىمەن ، ئابلىكىم مېنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىمنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئەينىكىمۇ گويا يوغان بىر پارچە مۇزدەك ماڭا سوغۇق نەزەردە قاراپ تۇرىدۇ، ئۇ مېنىڭ ھەممە ئازابلىرىمغا، كۆز ياشلىرىمغا ئەنە شۇنداق سوغۇققىنە قاراپ تۇرىدۇ، ئاشۇ قارشلىرى خۇددى ماڭا تەنە قىلىۋاتقاندەك ياكى قانداقتۇر بىر نەرسە دېمەكچىدەك بىلىنىدۇ.

ئابلىكىم ئىككىمىز خۇددى پارخۇتنىڭ بىر بۆلۈمچىسىدە كېتىۋاتقان ھەمسەپەرگە، ئادەمسىز قۇملۇقتىكى بىر-بىرىگە تايىنىپ ياشايدىغان ھەمراھلارغا ئوخشايمىز. بىللە ياشايمىز، بىللە غىزالىنىمىز، ئۆزئارا ھەمكارلىشىمىز، ئەمما بىر-بىرىمىزنى ناھايىتى ئاز ئويلايمىز، ئاسانلا ئاچچىقلىنىمىز، بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئولتۇرمايمىز، كۆزلىرىمىزدە ھاياجان، مېھرى-مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقنىمايدۇ.

ئۆي ئىچىدە قاچانلا قارىسا مەن كونا چىت خالات كىيىپ، بۇدۇرىسى قالمىغان چاچلىرىمنى پاخپايتىپ، پۇتۇمدىكى چوڭ نومۇرلۇق ساپما كەشتىن شالاپ-شالاپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرىمەن . كارىۋىتىدا ئېرەڭسىزلىك بىلەن كونا ژورناللارنى ۋاراقلاپ ياتقان ئابلىكىم پۇتۇمغا ئاچچىغى بىلەن قاراپ-قاراپ قويىدۇ، ئۇنىڭ يىتىۋېرىپ پۈرلىشىپ كەتكەن كىيىملىرى، ئۆسۈپ كەتكەن چاچ-ساقاللىرى، ھەددىدىن ئارتۇق ئىستىمال قىلىنغان ئىسپىرت بىلەن نىكوتىنىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بەدرەڭ چىرايى مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ بىر خىل چۈشۈنىكسىز غەزەپ قوزغايدۇ،مەن ساپما كەشمىنى شالاپشىتىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر نەچچە قېتىم ئارتۇق

ئۆتتۈش، قاچا-قۇمۇچ، سۇپۇرگىلەردىن قەستەن ئاۋاز چىقىرىش ئارقىلىق ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالماقچى بولىمەن. بەزىدە راستىنلا تاكاللىشىپ، ھەتتا ۋارقىرىشىپمۇ كېتىمىز،بىراق بۇ ۋارقىرىشىشلارمۇ شۇنچە مەنىسىز بىلىنىدۇ، ئۆيگە ئايال قولۇم-قوزىنىلار كىرىپ قالسا، ئابلىكىم قەستەن:

—مانا مۇنداق ئايالىلارنى ئايال دېسە بولىدۇ، كۆڭلىكى نىمە دېگەن ياراشقان،چاچلىرىنى ياسىشىمۇ بۆلەكچە ... -- دەپ قويىدۇ، مەنمۇ تەن بەرمەي:

—سىز ئۇلارنىڭ ئۆيدە كىيىپ يۈرۈيدىغان كىيىملىرى بىلەن چۇۋۇق چاچلىرىنى كۆرەلمەيسىز-دە! -- دەيمەن.

قەھرىتان سوغۇق دېرىزىگە نەپىس قار گۈللىرىنى نەقىشلىگەتكەن ئۇزۇن قىش ئاخشاملىرىدا، سان-ساناقسىز يامغۇر تامچىلىرى دېرىزە ئاينىكىگە تاراسلاپ ئۇرۇلۇپ، ئارقىدىن كىچىك ئېرىقچىلارنى ھاسىل قىلىپ ئېقىپ كېتىدىغان زېرىكەرلىك ياز ئاخشاملىرىدا، ئابلىكىمنىڭ بىرلا خىل، يېقىمسىز مۇزىكىغا ئوخشايدىغان خورىكىنى ئاڭلاپ ئوتتۇرۇپ پوفايكا، پايپاق توقۇيمەن ياكى خاپا بولاي، مەيلى ساق بولاي ياكى ساقسىز بولاي، ئىككى قولۇم بىردەم بىكار تۇرمايدۇ. بىراق، ئۆيىنىڭ ئىشلىرى زادىلا تۈگەپ ئۆتمەيدۇ.

پەقەتلا غەرق مەست بولۇپ كەلگەن كۈنلىرى ئۇ قاسساپقا، مەن پۇت-قولى باغلانغان قويغا ئايلىنىمەن، ئۇ مېنىڭ سالامەتلىكىم، روھىي كەيپىياتىم، تەلەپ-خاھىشىم بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قوپال ھايۋانىي ئىستەك، ھاراق، تاماكا ھەم تەرنىڭ قوشۇلىشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل پۇراق مېنى سەسكەندۈرىدۇ، ئۇ مېنى ھەيكەلگە ئوخشايسەن دەيدۇ، ئۇ مۇھەببەت گۈلىنىڭمۇ قۇياش نۇرىغا، ساپ ھاۋاغا، كۆيۈنۈش ۋە پارۋىشكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى

چۈشەنمەيدۇ، ياكى چۈشۈنۈشنى خالىمايدۇ. بىر كۈنى ، ئىشتىن قايتىپ كېلىپ كىر يۇيىۋاتقىنىمدا ئابلىكىمنىڭ يانچۇقىدىن گۈپپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان، چۆرىسىگە كەچتە ئىشلەنگەن ئايالچە قول ياغلىق تېپىۋالدىم، بۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس، مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىر ئايال بولىدىغان بولسا بەلكىم جىدەل چىقارغان، ئۆز مەنپەئەتىنى جان تىكىپ قوغدىغان بولاتتى. مۇشۇنداق قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ نەزەرىدە يوللۇق ئىش، ۋىجداننىڭ، ئەخلاق پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى، بىراق، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئېرىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇپ كېلەلەرمۇ؟ مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن .شىمنى يۇيۇپ بولۇپ، قول ياغلىقنى ئاۋالقىدەك چىرايلىق قاتلاپ، جايىغا سېلىپ قويدۇم، پەقەت ئەتىسى ئەتتىگەندە ئىبلىكىمنىڭ شىمنى كىيىپ،يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ باققاندىن كېيىن،چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي تاراقشىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرغىنىمدا ئۆزۈمنىڭ تارتقان خورلۇقلىرىمنى ئەسكە ئالدىم، بىر چەغلاردا ئۇ بىر تال ئاتكىرتكا ئۈچۈن ماڭا نىمە كۈنلەرنى كۆرسەتمىگەن-ھە . -- ئېيتە، ئاشناڭنىڭ ئىسمى نىمە، ئۇ قەيەردە؟ --نەچچە قېتىم بىللە ياتتىڭ، راستىڭنى ئېيت! -- ئاشۇ تىل ھاقارەت، مۇشت-تېپىكلەر، روھىي ۋە تەننى خالىغانچە خورلاپ، دەپسەندە قىلىشلار ھېلىغىچە يۈرىكىمنى ئاغرىتىدۇ. ئۇ ئەمدى يۇمشاق باش دېگەن نامنى كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان ئوغۇل بالىمىدىم، ئەمدى كىشىلەر ئالدىدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن؟ دېگەن چاغلىرىدا مېنىڭ مېھرى-مۇھەببەتكە تەشنا ئىنسان ئىكەنلىكىمنى، مەندىمۇ غورۇر بارلىقىنى قىلچە ئويلاپ قويمىغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ لەنىتى غورۇرى ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ ۋە شەكىلدىلا مەۋجۇت ئائىلىمىزنىڭ نامى ئۈچۈن، باللىرىم ئۈچۈن نىملەرنى قۇربان قىلغانلىقىمنى ئۇ چۈشەنمەيتتى، چۈشىنىشنىمۇ خىلىمايتتى. مۇنداق چاغلاردا مەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى

ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن گۇمانلانماي تۇرالمايتتىم. بىز نىمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ھەم بىر-بىرىمىزنى قىينايمىز؟ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە گۈزەل پەزىلەت ھېسابلىنىدىغان قۇربان بېرىشلەر راستىنلا ئالىيجانابلىقمۇ ياكى قورقۇنچلىقمۇ؟ بىز كىشلەر نەزىرىدىكى«ئەخلاقلىق»،«ۋاپادار» ئوبرازىمىزغا داغ تېگىپ قېلىشىدىن، ئاۋۇ ئەرزان باھالىق دىۋان، سولىياۋ پالاز، سۇنئىي تالالىق گېلەم، فار-فۇر، ئەمما ساختا ماللار بىلەن توشقان ئىللىقلىقتىن ئەسەر يوق ئۆيلىرىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئۆلگىدەك قورقىمىز، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىچىدە پەرزەنتلىرىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقمۇ يوق ئەمەس، ئەمما ئىش-ھەرىكىتىمىزدە بالىلارنى ناھايىتى ئاز ئويلايمىز. ئۇلارنىڭ كۆزىچە ئۇرۇشۇپ-تىللىشىمىز،بىر-بىرىمىزنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىشىمىز، ئالدانچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىمىز، مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئاشۇ يۇمران قەلبلەر ئاخىرى تاشتەك قېتىپ كەتمەسمۇ؟ بەزى كېچىلىرى تاسادىپىي ئويغۇنۇپ قالسام، ھالقا-ھالقا تاماكا ئىسى ئارىسىدىن يوچۇن بىر چىرايىنى، ئۈچمەنلىكتىن قىسىلغان يوچۇن كۆزلەرنى كۆرىمەن، كۆڭلۈمدە مەن ئۇن نەچچە يىللىق ئۆمرۈمنى مۇشۇ ئادەم بىلەن ئۆتكۈزدۈممۇ؟ دەپ ئويلاپ چۆچۈپ كېتىمەن . ئۇ مەندىن نەپرەتلىنىدۇ، مېنىڭ ئۆلۈمىمنى تىلەيدۇ،بۇنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمايدۇ، بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇ چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان ئايال بولغان بولسا، ئۇ بەلكىم باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان بولار ئىدى .مېنىڭمۇ ھاياتىم بۇنداق ئۆتمەستى . . . شۇنداق كېچىلىرىدە ئۇيقىسىزلىقتىن، باش-ئۇچى يوق خىياللاردىن، مېنى قوينىغا تارتىپ كېتىۋاتقان زۇلمەت قاراڭغۇلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بالكونغا چىقىۋالىمەن، ئادەملەرگە قارىغاندا دەل-دەرەخلەر ماڭا يېقىن، يۇلتۇزلار ماڭا سىرداش، دەل-دەرەختلەر مەيىن شامالدا يۇمشاق شىۋىرلىشىپ،

ئازابلىق قەلبىمگە تەسەللىي بېرىدۇ. يۇلتۇزلار ماڭا قاراپ شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشىدۇ. مەن ئاقۇش تۇمان ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەن يۇلتۇزلارغا كۆزلىرىم تالغۇچە تىكىلىمەن .تۇيۇقسىز ئۇربىتىدىن ئايرىلغان بىر يۇلتۇز لاۋۇلداپ يانغىنىچە كۆك باغرىنى يېرىپ ئۇچۇپ ئۆتىدۇ،ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بىر بىچارىمىدۇ ياكى ئۆز توپىغا ئاسىيلىك قىلغان خائىن يۇلتۇزمىدۇ؟ ئۇ ۋۇجۇدىدىن ئوت-يالقۇن چاچرىتىپ كۆيگىنىچە زەررىچىگە ئايلىنىپ ،كائىناتتا لەيلەپ يۈرگەن توزانلارغا قوزۇلۇپ كېتەرمىكىن ياكى باشقا بىر ئۇربىتىغا كىرىپ، ئۆزى بېرىپ سوقۇلغان بىرەر سەييارە بىلەن بىرلىشىپ كېتەرمىكىن؟ يۇلتۇزلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش تۇركۇم-تۇركۇم بولۇپ جايلاشقان، ئۇلارنى قۇدرەتلىك بىر كۈچ بىر-بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان كۈچ--سۆيگۈ. بىراق،بىزنىڭ بۇ كىچىك ئوربىتىمىزدا سۆيگۈ-مۇھەببەت ئاللىقاچان يوقالغان، ئۇنىڭدا قالغىنى پەقەت بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەت؛ سۆيگۈنىڭ ئورنىنى تۇيدۇرماي ئىگىلىۋالغان نەپرەت، ئۆچمەنلىك-- خۇددى ئۇزۇن يىل ساقلانغان زەھەردەك كۈچلۈك ئۆچمەنلىك... مەن يەنە بىر ئوربىتىنى -- ئىسكەندەرنى، ئۇنىڭ گۈزەل ئايالىنى، يادىڭغۇ قىزىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەتنىڭ ئەۋجۇتلىقىغا ئىشىنىمەن، مەن يەنە ساناتۇرىيەدە ئىككىمىز بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ پۈتۈن بىر ياز ۋە قىشنى دائىم ئەسلەيمەن.

ئىككى تەرىپى پورەكلەپ ئېچىلغان ئەتىر گۈللەر، ياپىپېشىل چاتقاللار، گىلەس شاخلىرى بىلەن قاپلانغان تارغىنە يول... ئاشۇ يول سەھەر تۇماندا تۇماندا ئاقىرىپ كورۇنۇشكە باشلىغاندا، مەن دەرىزەمنىڭ تۈۋىدىكى قانداقتۇر بىر قۇشنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ، خۇرسىنغاندەك

سايرىشىدىن چاچراپ ئويغىناتتىم،ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېرىزىدىن قاراپ، يولدا ئايلىنىپ تۇرغان ئۇنى كۆرەتتىم، ئۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى،تاڭ شەبنەمدە ياشناپ كەتكەن گۈللەر،قۇشلارنىڭ سەيراشلىرى ئۇنى جەلپ قىلالمايتتى، ئۇ ئادەملەردىن قېچىپ قانداقتۇر چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ يۈرەتتى. ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۇنى14—15 ياشلاردىكى بىر قىز ئىزدەپ كېلىدۇ.ئۇ قىزى بىلەن قارا ياغاچلارنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئۇزاق ئولتۇرىدۇ، بىر قېتىم ئۇنى چىرايلىق بىر خانىم ئىزدەپ كەلدى، ئۇ قارىلىق تۇتقاندەق ئۇزۇن قارا كۆڭلەك، قارا پايپاق،قارا پەلەي كىيىۋالغان ئىدى.قولىدىكى قارا-ئاق يوللۇق سومكىسىدىن تاماق قاچىسى، قەغەز بولاقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇلار سىرتقا چىقمىدى،مەن ئۇلرنىڭ قاراياغاچلىقتىكى ئورۇندۇقتا يانمۇ-يان ئولتۇرۇشقان،نەم چۆپلىكتە قولتۇقلىشىپ مېڭىپ يۈرگەن قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم،نىمە دېگەن قاملاشقان جۈپلەر-ھە، مەنمۇ شەنبە-يەكشەنبىلىرى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىمەن، كۆپۈنچە ئوغلۇم بىرەر سىڭلىسى بىلەن بىللە كېلىدۇ.بەزىدە باللار بىلەن بىللە ئابلىكىممۇ كېلىدۇ، بىراق ئۇ مېنىڭ يېنىمدا ئۇزاق تۇرمايدۇ، ئەگەر ئەتراپىمىزدا باللار بولمىسا ئىككىمىز قىلىشقۇدەك گەپمۇ تاپالماي قالىمىز. ئۇ باللارنى ئېلىپ كېتىپ قالغاندا ئۆزۈمنى ئادەمسىز يالغۇز ئارالدا تاشلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن.

ھەش-پەش دېگۈچە بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ، ساناتورىيىدىكى ياز ئوتتۇرلاشتى. يېزىللىق گويا تەڭداشسىز، زورگۈلخاندەك كۈنسېرى زورىيىپ، ھەممە يەرنى قاپلىدى،ئۆستەڭ بويى، بىنالارنىڭ ئارقىسىدىكى تۆپىلىك قويۇق دەل-دەرەخ ، ئېگىز ئېگىز ئۆسكەن ئوت-چۆپلەرنىڭ ئاستىدا يوقالدى. كۈندۈز ئۇزۇن ۋە تىنجىق ئىدى.كېچىلىرى ئاسمانغا

www.bizning.com

يۇلتۇزلار تولۇپ كېتەتتى.كشىلەر ئاسمانغا قارىشىپ، ئەتە يەنە ئىسسىق بولىدىغان بولدى، دېيىشەتتى .ئەتىسى راستىنلا ئىسسىق بولاتتى،ئىسسىق كۈنلەرنىڭ چىكى يوقتەك تۇيۇلاتتى،ىبراق بۇ ئىسسىقنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقى، ئۈرۈنچىنىڭ يېزى چۈشتەك قىسقا بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى.

ھېلىھەم سەھەردە ئۇنىڭ دېرىزەمنىڭ ئۇدۇلىدىكى يولدا ياكى شەبنەم باسقان چۆپلۈكتە ئايلىنىپ يۈرگىنىنى، بەزى كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن تاش ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدىكى ئورمانلىقتا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرىمەن .ئۆتكەن شەنبە كۈنى چىملىقتا ئۆتكۈزۈلگەن تانسىدا ئۇ ماڭا:«سېنى كۆزلىرىم ئەمەس يۈرۈكۈم تونۇيدۇ،مەن سېنى كەلگەن كۈنۈڭ تونۇۋالغان»دېدى.ئاشۇ ئىسسىق چىراي، ئاشۇ قامەت ئېنىڭ قەلبىمگىمۇ شۇ قەدەر تونۇش،شۇ قەدەر يېقىن،ئۇ مېنىڭ باللىقنىڭ پاك ۋە خىيالىي دۇنياسىغا، سەبىي ياشلىقنىڭ، تۇنجى سۆيگىنىنىڭ شادلىق ۋە ئازابلىرىغا باغلايدۇ...

ئەتىيازدىكى قار- يامغۇر، پاتقاق دەستىدىن ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن،ئېشەك ھارۋىسى ئاران پاتىدىغان تار ككوچا، بىر-بىرىگە چاپلاپ سېلىنغان دوپپىدەك كىچىك ئۆيلەر،ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى باللىرىنى باققاچ مۇڭدىشىپ، باش بېقىشىپ ئولتۇرىشىدىغان ئايالالار، كوچا بېشىدىكى كونا مەسچىت،چىلەك،چۆگۈن،ئەپكەش كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا سۇغا بارىدىغان قىز-چوكانلار ۋە ئۇششاق باللار ...خىيالىمدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ قايسى بىرىدە ئۇ يوق؟ ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ ئەخمەتجان ئىسىملىك ئىنىسى ھەر كۈنى ئەتتىگەندە مېنى كوچىنىڭ بېشىدا ساقلايتتى. ئۇچىمىز ئاشۇ يوللاردا تالاي يىللار ماڭدۇق، ئاشۇ يوللاردا ئۆسۈپ يېتىلدۇق، كېيىن يىراق بىر يېزىغا«قايتا تەربىيە»ئېلىشقا ئۇچىمىز بىرلىكتە كەتتۇق.

ئەخمەتجان ئادەم يوق يەردەردە مېنى «يەڭگە» دەپ چاقىرىپ جىلى قىلاتتى. ئوغۇت توشۇيدىغان،ئورما ئورۇيدىغان چاغلاردا ماڭا ياردەملىشەتتى،مۇنداق چاغلاردا مەن ئاكا-ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئەمگەك نورمىسىنى ياغۇز ئۆزى ئورۇنداۋاتقان ئىسكەندەرنى ئويلايتتىم. بىكار بولساملا ئىككىسىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ،ياماپ،تۈگمىلىرىنى قاداپ بېرەتتىم.ئەخمەتجان ئۆڭى قاراراق،يوغان قارا كۆزلۈك،ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسۈتۈپ كۈلۈپلا يۈرىدىغان ئىسسىق چىراي بالا ئىدى.زىيالى ياشلار ئەترىتىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىر تۇققان ئىنىسىدەك كۆرەتتى، ئەركىلىتەتتى،تۆرلۈك ئىشلىرىغا سالاتتى،ئىسكەندەر ئىنىسىنىڭ ئەكسىچە ئۇستىخانلىق،مىجەزى ئېغىر ئىدى.باشقا ئوغۇللاردەك قىزلارغا سۆركىلىپ يۈرمەيتتى.ئىشتىن كېلىپلا كىتابقا دۈم چۈشەتتى.

يېزىدا ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنىڭ ئىككىنچى يىلى كەلگەن پەسىلدە ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى دەرياغا سۇ چۈمۈلگىلى كېتىشتى،ئاخشىمى ئەخمەتجاننىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى .ھەممىمىز دەريا بويىغا يۈگۈردۇق،كېچىچە قوللىرىمىزغا مەشئەل ئېلىپ، دەريانىڭ تېيىز جايلىرىنى،قىرغاقلارنى ئاپلاندۇق،بىرەر مۆجىزە بىلەن ئۇنىڭ كۈلگىنىچە ئالدىمىزدىن چىقىپ قېلىشىنى، ھېچبولمىغاندا،جەسىتىنى بولسىمۇ تېپىۋېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتۇق. ئەتىسى ھالىدىن كەتكەن قىز- ئوغۇللار بىر-بىرلەپ قايتىپ كېلىشتى .ئىسكەندەر ئىككىمىز دەريا ئېقىمىنى بويلاپ مېڭىۋەردۇق. سۇ يۈزىدە كۆرۈنگەن شاخ- شۇنبىلا،قىرغاقتا چىقىرىپ تاشلانغان دەرەخ يىلتىزلىرى،كىچىك قۇم دۆمبەلچىلىرى،ھەممە نەرسە كۆزىمىزگە ئەخمەتجاندەك كۆرۈنەتتى،ئۈمۈدىمىز يوقا چىققاندا بولسا ھەسرىتىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ يەنە ماڭاتتۇق،تاڭغا يېقىن ناتونۇش بىر يېزىغا يېقىنلاشقاندا ھەر



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

ئىككىمىز ھالىمىزدىن كەتتۇق،ئىسكەندەر ئۇمۇدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلىدى،مەنمۇ ئۇنى يۆلەپ يىغلىدىم،ئاسماندا ئاخىرقى بىر تال يۇلتۇز نەمخۇش كۆزىنى گويا بىزگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك چىمىلدىتاتتى.دەريا توختىماي شاۋقۇن سالاتتى،يىراقتىكى مەھەللىدىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى، ئىتنىڭ قاۋاشلىرى،ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ كىشىلەرنى«ئەتتىگەنلىك دولقۇن»غا چاقىرىۋاتقىنى ئاڭلىناتتى.شۇ چاغدا ئەخمەتجاننى يۇتۇپ كەتكەن دەريانىڭ رەھىمسىز سۈيىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئىچىمدە بۇ دۇنيادا ئىسكەندەردىن باشقا ئەدەم بىلەن توي قىلمايمەن، دەپ قەسەم ئىچىۋەتكەن ئىدىم، ئاردىن قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى-ھە...تالاي ئىشلار ئۇنتۇلدى، لېكىن ئاشۇ ئىشلار، ئاشۇ كۈندىكى مەنزىرە ئۇنتۇلمىدى. ئاشۇ دولقۇنلۇق دەرياني، سەھەر ئاسمىنىدىكى ئاخىرقى بىر تال يۇلتۇزنى چۈشلىرىمدە تالاي قېتىم كۆردۈم،بولۇپمۇ 20 نەچچە يىلدىن كېيىن قايتا ئۇچراشقىنىمىزدا قەلبىمىزدىكى ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنىڭ ئۇنتۇلمىغانلىقىنى ھەم مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

بىر كۈنى گۈگۈم پەيتتە ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلدى.

——— سەندە بىر كىتاب كۆرگەندەك قىلىۋىدىم، خاتالاشمىغان بولسام ماركوسنىڭ كىتاۋىغۇ دەيمەن؟

مەن ئۇنىڭغا كىتابنى ئەپچىقىپ بەردىم، ئەتىسى، ئۆگۈنى ئۇنى ئۇچراتمىدىم، ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە چىملىقتا گىمناستىكا ئويناۋاتسام ئۇ كەلدى.

——— كىتابنى ئىككى كېچە-كۈندۈز ئوقۇدۇم،ئوقۇپ بولۇپ بىرەرى بىلەن شۇنچىلىك سۆزلەشكىم كەلدىكى... ئاخشام ئاۋۇ ئاغىنىمىزگە ساق بىر سائەت سۆزلەپتىمەن،سۆزلەپ بولۇپ قارىسام،كۆزىنى يېرىم



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

ئېچىپ:«پولكوۋنىك ئورلىئانو دېگىنىڭىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قاتناشقانمۇ؟»دەپ سورىمامدا...

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقدا ياتىدىغان سۆلەتلىك كىشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم.

———مەن كىتاب ئوقۇپ بۇنداق ھاياجانلانمىغان... ئۇنىڭدا يېزىلغىنى ماڭا خۇددى ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشى،ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىدەك بىلىندى. مەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ھۈنەر ئۆگەنسەم،تا ئۆلۈپ كەتكىچە شۇ ئىش بىلەن شۇغۇنلانسام دەيتتىم...ئەدەملەردىن، ئىككى يۈزلىمىلىك،قۇۋلۇق-شۇنلۇقلاردىن شۇنچىلىك بىزار بودۇمكى...

———ئۇنداق گەپنى ئامتى قاچقانلار قىلسۇن،—— دېدىم ئۇنىڭغا،——بىلىشىمچە سەن خېلى چوڭ بىر ئورۇننىڭ ئەسئۇلىغۇ دەيمەن؟

———ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا شۇنداق ئىدىم،بىر ئاخشىمى تۇيۇقسىز ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلاندىم،ئەتىسلا سالامەتلىكىڭ ياخشى ئەمەس ئىكەن،داۋالان،دەپ بۇ يەرگە ئەكىلىپ تاشلاپ قويۇشتى...بۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىدىكى رەزىللىكلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن ۋاختىمدا گويا ماركوسنىڭ كىتابىدىكى كىچىك بازار يەر شارىدىن غايىب بولغاندەك،قەلبىمدىكى سىرلىق قەسىرلەرمۇ غايىب بولدى. مەن يەنىلا ئەسلى ئۆزۈمگە——ئىككى تەرىپى ئۇششاق باللارنىڭ چوڭ-كىچىك تاھارىتى بىلەن توشۇپ تۇرىدىغان تار كوچىلارنى،كۆپ باللىق نامرات كاسىپنىڭ ئائىلىسىدە چوڭ بولغان ئىسكەندەرگە ئايلاندىم،بۇ بەربىر شۇنداق بولاتتى...

كاشكى راست شۇنداق بولسا، ئۇ ئەينى يىللاردىكى ئىسكەندەرگە، مەنمۇ ئەينى يىللاردىكى ئاسىيەگە ئايلىنىپ قالالىغان بولساق... پەلەكنىڭ قىسمەتلىرىدىن ئايلىناي،ئۇ بىزنى ھەريان چۆگىلىتىپ،

ئايلاندۇرۇپ،ھېرىپ-چارچىغان،گۈزەل ئارزۇلىرىمىزنى يوقىتىپ،ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتقان چېغىمىزدا يەنە قايتا ئۇچراشتۇردى، بىز باراۋەر ئىدۇق،روھى ھالىرىمىز،ئوي-پىكرىمىز بىر يەردىن چىقاتتى . بىز بىرلا قاراش بىلەن ھېچقانداق گەپ-سۆزسىز بىر-بىرىمىزنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيتتۇق.

خۇددى ئەينى يىللاردىكىگە ئوخشاش، ئىسكەندەر ياتقىنى كىتابخانىغا ئايلاندۇرىۋالدى، ئۇنىڭ كىتابلىرى ئىچىدە دىنغا، پەلسەپەگە،تارىخقا،ئىنساندىكى پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار تەتقىقادىغا دائىر كىتابلار بار ئىدى.

——— مەن كىشىلىك ھايات قايىنىمدا ماجالىمدىن كەتكۈچە ئۈزدۈم. قايىنام مېنى چەتكە چىقىرىپ قويغان چاغدا،تىنچ بىر قىرغاقنى ماكان تۇتۇپ،ئۆزۈم ۋە ھايات ھەققىدە چوڭقۇرراق ئىزدەنمەكچى بولدۇم.مەن ئىنسانىيەر تارىخىنى،دىننى، شەرق ۋە غەرپ پەلسەپىسىنى تەپسىلىي ئۆگىنىپ چىقماقچىمەن،—— دەيتتى ئۇ.

ئەمدى ساناتورىيىنىڭ ئىسسىق ياز كۈنلىرى ئانچە زېرىكىشلىك بىلىنمەيدىغان بولدى. بىز ھەركۈنى تاڭ سەھەردە ياكى سالقىن كەچلەردە ئۇچرىشاتتۇق،خۇددى باللىق ۋاقىتلىرىمىزدىكىدەك ئىللىق،شېرىن ھېسسىياتلار ئىچىدە ئۇزاق پاراڭلىشاتتۇق.

ھەر كۈنى كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىماي كۈدۈزدىكى ئىشلارنى، پاراڭلىرىمىزنى ئويلاپ ياتاتتۇق،ئۆزۈمنىڭ نىمانچە سۆزمەن بولۇپ كېتىۋاتقىنىمغا،كاللامغا شۇنچە يېڭى،ئۆتكۈر پىكىرلەرنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىغا ھەيران قالاتتىم. بەزىدە ئابلىكىم ئىككىمىز نىمىشقا مۇشۇنداق پاراڭلىشالمايمىز، دەپمۇ ئويلاپ كېتەتتىم،ئۇ مېنىڭ بىرەر ئىز توغرىسىدا ئۆز كۆز قارىشىمنى ئېيتىشىمنى ياقتۇرمايتتى،سۆزۈمنى

ئاتلاشنى خالمايتتى،ھەتتا سىلكىۋېتەتتى،«خوتۇن كىشى ئاربلاشقان ئىش بۇزۇلماي قالمايدۇ،خوتۇن كىشىدە ئەقىل نىمىش قىلسۇن»دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇپ كەلگەن ئىدىم.يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قالبىمدە ئۆز ئالدىمغا بىر دۇنيا شەكىللەنگەن،بۇ دۇنيارىمدا ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم ياشايتتىم، كۆتمىگەندە ئاشۇ پىنھان دۇنيارىمغا ئۇ كىرىپ كەلدى. روھلىرىمىز يۇكسەك بىر مەنزىلدە ئۇچراشتى ۋە بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتتى. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچرىشىدۇ،ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ،ھەتتا ئۆمۈرۋايەت بىللە ياشايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەڭگۈ جىسمانىي ئالاقە بىلەن چەكلىنىدۇ،ئۇلار ئۆز ھاياتىنى ئاشۇ يوچۇن دۇنيادا غېرىپلىق ھەم قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە ئۆتكۈزىشىدۇ.

بىر ئاخشىمى قاراياغاچلىقتىكى ئورۇندۇقتا ئاسمانغا قاراپ جىمجىت ئولتۇرغان چېغىمىزدا--قەلبىمىزدىكى نۇرغۇن سۆزلىرىمىزنىڭ ئاغزىمىزدىن چىقىشى بىلەنلا ئۆز قىممىتىنى يوقۇتۇپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەتراپىمىزنى قاپلىغان تىنچ، ھەممىي مۇھەببەت دولقۇنىغا چۆمۈپ ئولتۇرغان چېغىمىزدا مەن ئۇنىڭدىن20 يىلدىن بۇيان قەلبىمدە ساقلاپ كەلگەن بىر سوئالنى-- كېيىن ماڭا نىمە ئۈچۈن خەت يازمىغانلىقىنى سورىدىم.

-- مەن يازغان، ناھايىتى كۆپ يازغان،--دېدى ئۇ، --مەن قەلبىمدىكى مۇھەببىتىمنى ناھايىتى مۇقەددەس بىلەتتىم،ئۇنىڭ مۇكەممەل، كەمكۈتىسىز بولىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. سېنى مەڭگۈ بەختلىك قىلىشنى ئويلايتتىم، بىراق، مەن سېنى ئىزدەپ بارغىنىمدا توي تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش يۈرگىنىڭنى كۆردىم...

-- سەن مېنى تارتىۋالغان بولساڭ، تويۇمنى بۇزىۋەتكەن بولساڭ

بولماسمىدى! سەن شۇنداق قىلالايتتىڭ ئەمەسمۇ؟
ياشلىرىمنىڭ تاراملاپ ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. بىرھازادىن كېيىن ئاغزىمدىن ئۆزۈممۇ ئويلىمىغان سۆزلەر چىقتى:

—— بەلكىم پىشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇدۇ. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى تۇرمۇشۇممۇ يامان ئەمەس،باللىرىم شۇنداق ئوماق ھەم ئەقىللىق. ھاياتىمنى شۇلارغا بېغىشلىغىنىمدىن ئەپسۇسلانمايمەن.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا تېخى زورمۇزو كۈلۈپمۇ قويدۇم. دېمىسىمۇ شۇنداق. ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتى باشقىلارغا تەۋە، تەقدىر ماڭا ئاتا قىلمىغان نەرسىدىن ئۈمۈد كۈتۈشكە نىمە ھەددىم. ئىككىمىز خۇددى ئىككى لىنىيىدە ھەرىكەتلىنىدىغان ئىككى پاراۋۇز، قەلبلىرىمىز بىر بولسىمۇ، يولىمىز باشقا-باشقا.

بەختسىزلىكىم ۋە قايغۇ-ھەسرەتلىرىم مېنىڭ تەغدىرىم، ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى. مەن ئۇلارغا كۆنۈك،ئۇلارسىز ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن .بىر كۈنلەردە ئۇلاردىن ئايرىلسام تېخىمۇ پېشكەللىككە يولۇقۇشتىن قورقىمەن،بەختىن، ئەركىنلىكتىن قورقىمەن .

*

* *

مەن ھەر كۈنى ئەينەك ئالدىغا كەلگىنىمدە كۈنسېرى سۇلغۇاتقان چىرايىمغا قاراپ ئۆز-ئۆزۈمدىن دورايمەن: مەن كىم؟ قەيەردىن كەلدىم ؟ قايەرگە كېتىمەن؟ ھايات خۇددى غىل-پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان چۈشتەك ساختا نەرسىمۇ؟ تېخى ئىچىپ قانمىغان ياشلىق ۋە مۇھەببەت

شارابى تاستىنلا شۇنداق قۇرۇپ كەتتىمۇ ؟

گۇەۇمدا قويۇقلىشىۋاتقان قاراڭغۇلۇققا چۆككىنىمچە مېھمانخانامدىكى گېلەم ئۈستىدە ئىككى تىزىمنى قوللىرىم بىلەن قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق خىيال سۈردۈمەن، خىياللىرىم مېنىڭ بىردىن-بىر ھەمرايىم، بىر كۈننىڭ ئاخىرلىشىۋاتقان پەيتى مېنى گويا نامەلۇم بىر ھاياتلىقنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىۋاتقىنىدەك ھاياجانغا سالدى. ھېلىلا تامدا، ئەينەكتە، گېلەم ئۈستىدە چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىنىڭ بارا-بارا خىرەلىشىشى، ئاستا-ئاستا، ئىز قالدۇرماي ئۆچۈپ يوق بولۇپقاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كېتىشى ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ. تېخى بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى ئىشخانىدىن پەرىزەنىڭ كۈلكە-چاخچاقلىرى ئۈزۈلمەيتتىغۇ ؟

دۇيادىكى ھېچنەرسە مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياقىمنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ھەر بىر مۇزىكىدىن ئىزھار قىلىنىۋاتقان بىر قەلبنى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىكى ھەممە سادا گويا مېنىڭ قەلبىمدىن ياڭرايدۇ. مەن يەنە بىر چەينەك قېنىق چاي دەملەپ، چىن كۆڭلىدىن مۇڭدۇشۇپ ئولتۇرىدىغان شېرىن گەپلەرنى ياخشى كۆرىمەن. قۇرۇق پاراڭ، غەيۋەت-شىكايەت كۆز يېشى ئارىسىدىن غىل-پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان نىقاپسىز قەلبلەر نەقارەر قىممەتلىك .خۇدايىمنىڭ ئايالالارنى غەيۋەتخور قىلىپ يارىتىشى بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك زۆرۈرىيەت. غەيۋەت ھەم كۆز يېشى بىزنىڭ ئادالەتسىز دۇنيا، كۈچلۈك ئەرلەرگە ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان تەغدىرىمىزگە تاقابىل تۇرۇشتىكى قورالىمىز،مۇھەببەت، ئەرلەر، بالا ۋە ئائىلە بىز ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تېما، قەمبىمىز خۇددى قاغجىراپ چاك-چاك يېرىلغان تۇپراققا ئوخشايدۇ،بىز ئەرلەرگە ھەۋاس قىلىمىز، بىزنىڭمۇ ھاياتىمىزدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاچچىق هاراقتىن قانغىچە ئىچىپ بۇ تەڭسىز دۇنيانى، دۇيادىكى ھەممە نەرسىنى تىللاپ بىر تىيىنغا يارىماس قىلىۋەتكىمىز كېلىدۇ،

ئەرلىرىمىز خۇپپىيانە ئاشنا ئوينىغاندەك،بىزنىڭمۇ خۇپپىيانە مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىپ باققۇمىز، كىملەر بىلەندۇر خەت يېزىشقىمىز، تېلىفۇندا سۆزلەشكىمىز كېلىدۇ.شۇنداق قىلالىغان ئاياللارنى ئاغزىمىزدا تىللىساقمۇ كۆڭلىمىزدە ئۇلارغا ھەۋەس قىلىمىز ،بىراق نېمىدۇر بىر نەرسە بىزنى توسۇپ تۇرىدۇ، كۆزگە كۆرۈنمەس چەمبىرەككە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇ نەرسە بىزنى مومىلىرىمىز ۋە ئانىمىزغا، ھېلىغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىك ئورنى ۋە ھەققىنى چۈشەنمەيدىغان، كالا ئورنىدا ئىشلەپ ئۆلۈپ كېتىدىغان مىليونلىغان ئاچا-سىڭىللىرىمىزغا باغلاپ تۇرىدۇ. ھايات تۇرۇپ بۇ چەمبىرەكتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكى بىزگە ئايان. شۇنئىي گۈللەر، دەبدەبىلىك سۆزلەر،چاۋاكلار ئارىسىدا، تەسىرلىك شېئىرى مىسرالاردا مەدھىيىلىنىۋاتقان چېغىمىزدا ئىچىمىزدە ئاچچىق كۈلىمىز، چۈنكى ھەممىلا يەردە بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغانى جاپاكەش ئانا بولۇش،ئېرىمىز، پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن قۇربان بېرىش--تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە، بىز پەقەت قۇربان بېرىشكىلا يارالغان،باشقىلار بۇ قۇربان بېرىشلەردىن ھوزۇرلىنىشقىلا يارالغان، ھېچكىم ئورنىدىن قوپۇپ، بولدى ئەمدى،قۇربان بېرىۋەرمىگىن، سەنمۇ بىزگە ئوخشاش يارالغان ئىنسان، دېمەيدۇ.

دىلنار: « مەن ئۆمرۈمنى سىلەردەك ئۆتكۈزۈشنى خالىمايمەن، سىلەرگە قارىسام ئىچىم سىرىلىدۇ،»دەيدۇ. ئۇنىڭ قوغلىشىدىغىنى جاننى ئېلىپ جاڭگالغا تاشلايدىغان،ھايات-مامات،قانۇنىۋە ئەخلاق مىزانلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر خىل مۇھەببەت. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بالا-چاقىلىق بىر ئەر بىلەن گەپ سۆزى چىققان ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئەرنىڭ خوتۇنى--ئورۇق، جاۋىلداق بىر ئايال ھەدېسىلا ئىدارىغا كېلىۋېلىپ جېدەل چىقىراتتى. دىلنار قاتمۇ-قات بېسىم، خورلۇق ئاستىدا قالغان ئاشۇ

كۆنلەردە ئۇنىڭ ئاشىقى قۇلاق يۇپۇرۇپ يۈرىدۇەردى،تېخى باشقارما باشلىقى بولۇپ ئۆستى، دىلنار ھاياتتا خام-خىيالغا ئورۇن يوقلىقىنى ئالللقاچان چۈشىنىشى كېرەك ئىدى،ئەمما ئۇ توي قىلىش پۇرسەتلىرىنى كەينى-كەينىدىن يېنىكلىك بىلەن ئۆتكۈزىۋەتتى. رەھىمسىز يىللار بولسا ئۇنى بىلىندۇرمەيلا بەخسىز«قېرى قىز»لار قاتارىغا قوشۇپ قويىۋشقا باشلىدى. ئۇ چېكىسىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئاق چاچلاردىن ياشلىق گۈلىنىڭ خازان بولۇشقا باشلىغانلىقىنى، ھايات بېغىغا بوران-چاپقۇنلۇق كۈز پەسلى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەمدىكىن؟مەن ئۇنىڭ ئاخىرى بىر كۈنى بىزدىنمۇ ئىچىنىشلىق كۈنگە قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

سائادەت دىلنارنىڭ دەل ئەكسى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى قوغداشتىكى غەيرىتى ئاچچىقى يامان كۈرۈك مىكىيانى ئەسلىتىدۇ.قاچانلا قارىسا ئېرىنى كۈنلەپ، ئالللقانداق ئاياللار بىلەن سوقۇشقىنى سوقۇشقان،باشقا ئاياللارنىڭ،بولۇپمۇ تۇل ئاياللارنىڭ ئالدىدا:«بىزنىڭ دېگەن ئېرىمىز بار،تاغدەك يۆلەنچۈكىمىز بار،قولىمىزنى نەگە سۇنساق شۇ يەرگە يېتىدۇ،»دەپ ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ.شۇنىڭغا يارىشا ئۇنىڭ ئېرى شۇنچىلىك كۆرۈمسىز،شۇنچىلىك ئىزىلەڭگۈ ئادەمكى...

تەقدىرىمىز، مىجەزىمىزنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا قارىماي نىمدۇر بىر نەرسە ئۈچىمىزنى بىر-بىرىمىزگە باغلاپ تۇرىدۇ،بىر-بىرىمىزنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمىز،ئۆز-ئارا زەھەردەك ئاچچىق گەپلەر بىلەن تەنە قىلىشىمىز،يىغىرلىرىمىزنى ئېچىشىمىز،بىراق، بەختلىك، غەمسىز كىشىلەر ئارىسىدا، مېھرىسىز ئائىلىمىزدە غېرىپلىق تارتقان، ھەسرەتتىن، ئامالسىزلىقتىن بوغۇلغان چاغلىرىمىزدا ھامان بىر يەرگە جەم بولىمىز.

شەنبە ئاخشىمى سائادەت بىلەن دىلنار چوڭ-كىچىك بولاقلارنى كۆتەرگىنىچە، كېچىككەن بولساقمۇ تۇغۇلغان كۈنىمىزنى تەبرىكلەپ

قويايلى، دېدۇق دەپ كىرىۋىدى، باللىرىم گويا قىززىق تاماشا كۆرىۋاتقاندەك كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

—— كۈلمەڭلار،نېمىشقا كۈلىسىلەر؟ سىلەر ئاناڭلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يوق دەپ ئويلامسىلەر؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايسىلەرغۇ؟نىمىشقا سىلەرنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاناڭلارنى ئويلاپ قويمايسىلەر؟ھەي بۇ باللارمۇزە...—— سائادەت ئىشكتىن كىرىپلا ئەنە شۇنداق بىردەم قايىنۋالدى،——دېمىسىمۇ بىزمۇ ئادەمدە، نەۋرەم بەش ياشقا كىردى. قىزىم ھەر يىلى، ئاپا قىزىمنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزەتتىم، ئۇنى پىشۇرۇپ بەرسەڭ، بۇنى تىكىپ بەرسەڭ، دەپ بىشىمنى ئوچاق قىلىۋېتىدۇ،مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى يادىغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ، ئىچىمدە خەپ توختاش دەيمەنغۇ، 50 ياشقا كىرگەن كۈنۈمنى تازا كاتتا ئۆتكۈزمىسەم...

ئۇلار ئۆيدە پىشۇرغان تورت،توخۇ گۆشى، ھەم ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان ئۇششاق-چۈششەك يېمەكلىكلەر بىلەن شىرەنى تولدۇرىۋېتىشتى، مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزلىرى چاي دەملەشتى.ئەستا، شام ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالتۇق ئەمەسمۇ،دەپ بەك ئەپسۇسلىنىشتى، ئۇچىمىز بىللە ئالا-تاغىل تووۋلاپ،«تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!»دېگەن باللار ناخشىسىنى ئېيتتۇق، ئارقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىمىزچە دىۋانغا ئۆزىمىزنى ئېتىپ، يۇمىلاپ كېتىشتۇق.

—— ساجىدەنىڭ مەن يىگى يىلدا تۇغۇلغان، دېگىنى يادىمدا،——دېدىم مەن ئۇلارغا،—— خۇدايىم ئامان قىلسا،ئۇنىڭمۇ تۇغۇمغان كۈننى تەبرىكلىگەن بولساق،نەقەدەر ياخشى بولاتتى، ھە...

مېنىڭ سۆزۈمگە ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى،بىراق كۆڭلىمىزگە كەچكەن ئويلار بىر-بىرىمىزگە ئايان ئىدى. ئۇچىمىز خىلغىچە سۈكۈت ئىچىدە

- 43 -

ئولتۇرۇشتۇق.

سائادەت يېقىندىن بېرى ئوك بېقىنىنىڭ سانجىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، بىراق دوختۇرغا كۆرۈنۈشتىن قورقۇۋاتقانلىقىنى، ئېرىنىڭ يەنە يېڭى ئاشقا تېپىۋالغانلىقىنى، ئوغلىنىڭ مەكتەپتىن قېچىپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ،بىردەم كۆز يېشى قىلدى. ئارقىدىن ئىككىمىز بىرلىكتە دىلنارغا تېزرەك توي قىلىۋېلىش، دەپ نەسىھەت قىلىشقا چۈشتۇق.

—— بولدى، مېنى قىستاۋەتمەڭلا،سىلەرگە راست گېپىمنى قىلسا، توي قىلىشتىن قورقىمەن،——دېدى ئۇ.

—— تۇۋا،ماۋۇ گەپنى قاراڭ، توي قىلىشنىڭ قانداق قورققۇدەك يېرى بار دۇ ئەمەدى.

—— خۇدايىم ئىنسانلارنى جۈپ-جۈپ، خىلى-خىلى بىلەن يارىتىدۇ، دېيىشىدىكەن،بىراق،ئىنساقلار يەر يۈزىگە كەلگەندە ئادىشىپ كېتىپ،ئۆز جۈپتىنى زادىلا تاپالماسمىش. دۇنيادىكى ھەممە بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىنمىش. مەنمۇ سىلەردەك ئۆز خىلىمنى تاپالماي ھەسرەت-نادامەت ئىچىدە قېلىشتىن قورقىمەن-دە .

—— ئۇنداقتىزە مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدىكەنسىز دە؟

—— بەلكىم شۇنداقمۇ بولار ياكى بولماس،بىراق مېنىڭچە توي قىلىش بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ بىردىنبىر شەكلى ئەمەس، مېنىڭچە توي قىلمايمۇ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ.

—— قېرىغاندا يالغۇز قالسىز،بۇ ياشلىقىڭىز، كۈچىڭىز سىزگە باقمۇەندە ئەمەس- جۈمۈڭ ، خېنىم ...

—— زۆرۈر تېپىلسا يېتىم بالىدىن بىرەرنى بېقىۋالارمەن، بىراق، مەن 10 يىل بىر قېرى خوتۇننىڭ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ جان بېقىۋاتقىنىنى كۆرگەن... بۈگۈنمۇ سائادەت ئىككىمىز

ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي قالدۇق. ھەر قېتىم شۇنداق بولىدۇ. بىراق، بۇ بىزنىڭ ئۇنى قايىل قىلىش ئىرادىمىزگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. بىز ئۇنىڭ قەلبىدىكى خىيالىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەممە تىرىشچانلىقىمىزنى ئايىماي ئىشقا سالىمىز.

بىز قالغان ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىدا بىلىنەر-بىلىنمەس ھەسەت، ئاچكۆزلۈك ھەم ھەۋەس ئارىلىشىپ كەتكەن ھاياجان ئىچىدە كۆزلىرىمىزنى ئوتتەك چاقنىتىپ،رەڭگا-رەڭ يېڭى رەختلەر ۋە مودا كىيىملەر توغرىسىدا زوق بىلەن پاراڭلاشتۇق.

بىز كۆپ ھاللاردا بىر-بىرىمىزگە ۋە باشقىلارغا كىيىنىش دىتىنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ باھا بېرىمىز، ئىدىتلىق،يارىشىملىق كىيىپ يۈرۈيدىغان كىشىلەر بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھۆرمەتكە سازاۋەر،بىزنىڭچە كىيىم-كېچەك بىر ئايالنىڭ پەم-پاراستىنى،گۈزەللىك تۇيغۇسى، ھاياتقا ۋە ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى. بۇ قارىشىمىز بىر تەرەپلىمە بولىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭغا ئامالىمۇ يوق، چۈنكى ئايالالار دېگەن بەربىر ئاياللاردە. ئۇلارنىڭ ئەرلەردىن ئۆزگىچىلىكى بولمىدا بولامدۇ.

مېھمانلار خېلى كەچتە ئۇزىدى، ئابلىكىم تېخىچە يوق. مەن ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئۇخلاپ قېتىپ كەتكەن باللىرىمنىڭ يېنىدا بىردەم تۇردۇم، ئوغلۇمنىڭ چېچى يەنە ئۆسۈپ قاپتۇ .يېقىندىن بۇيان ئۇ كىيىنىشلە ئالاھىدە قىلىدىغان،ئەينەك ئالدىدا ئۇزاققىچە تۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.چوڭ بولىۋاتسا كېرەك. بىراق، مېنىڭ نەزىرىمدە تېخى گۆدەك بالا، مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ كارۋىتى ئالدىغا كېلىپ پۇت-قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئۇخلاۋاتقان ئاشۇ چىرايلىق يىگىتكە قاراپ تۇرغىنىمدا، 15 يىلنىڭ ئالدىدا دوختۇرخانىنىڭ بوۋاقلار ئۆيىدىكى

كىچىككىنە كارۋاتتا ئاپئاق ئەدىيالغا ئورۇلۇپ ياتقان پۈتۈن ئەزايىنى قورۇق باسقان،قىزغۇچ ھەم يۇمران تەننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. شۇ چاغدا مەن بوۋاقلار ئۆيىگە ئوغرىلىقچە قىرىۋالغان ئىدىم. قاتار قويۇلغان كارىۋاتلارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئوغلۇمنىڭ كارۋىتى ئالدىدا چىپپىدە توختاپ قالدىم، مەن ئاستا ئېگىشىپ ئۇنىڭ قېرى ئادەملەردەك قورۇق باسقان پىشانىسىدىن سۆيدۇم. ئۇ ئويغۇنۇپ كەتتى . مېنىڭ كۆزۈمگە ئوخشايدىغان يوغان، سەل چوڭقۇر كۆزلىرىنى لەپپىدە بىر ئاچتى-دە،بىردىنلا تىپىرلىدى،قورۇقلىرى كۆپۈيۈپ،چىرايى بېغىررەڭ بولۇپ ئۆزگەردى. خۇددى مېنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك ياڭراق ئاۋازدا يىغلاشقا باشلىدى.ئۇنى كۆتۈرىۋالماقچى بولۇپ قولۇمنى تەككۈزۈشۈمگەمە، كۈتمىگەندە يۆگىكى يېشىلىپ،يۆگىمەچتەك ئىنچىكە، ئۇزۇن پۇت-قوللىرى گويا كۈچلۈكبورانغا دۇچ كەلگەندەك لەپپەڭشىپ كەتتى. ئاشۇ ئاجىش ۋۇجۇد گويا ئېغىرلىقنى يوقۇتۇپ چەكسىز قاراڭغۇلۇق قوينىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك قورقۇنۇچ ئىچىدە تىپچەكلەيتتى.مەن ئۇنى دەرھال قۇچۇقۇمغا ئالدىم،شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغان ئىللىق بىر ئېقىم پۇت-قوللىرىمنىڭ ئۇچىدىن،تومۇر-تومۇرلىرىمدىن كۆكسۈمگە قاراپ ئاقتى.كۆڭلىكىمنىڭ ئادى ھۆللەنگەنلىكىنى سەزدىم. تىترەپ تۇرغان ، ھېچ قولاشمايۋاتقان قوللىرىم بىلەن كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىسىنى ئالدىراپ يەشتىم. سېستىرا ئايالنىڭ كايىشلىرىغا پەرۋا قىلماي،يۈرەكلىرىم دۈپۈلدىگەن ھالدا سەل قىزىقىش ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە ئوغلۇمنى ئىمىتىشكە باشلىدىم. ئابلىكىم چۈشتىن كېيىن كەلدى. ئۆزىنىڭ دادا بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنگىسى كەلمىگەندەك ئوغلىنى ھېيىقىپ تۇرۇپ قولىغا ئالدى. ئۇ بۇ ئوغۇلنىڭ نەقەدەر كەسكىن،ھايات-ماماتلىق ئېلىشىش ئىچىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى كۆرمىگەن ئىدى. مەن يوغان بىر دەس كىرنى يۇيۇۇشقا

باشلىغاندا ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. كىرنى يۇيۇپ بولۇشۇمغا قورسۇقۇم ئاغرىشقا باشلىدى. مېنى دوختۇرخانىغا قوشنىلار ئاپىرىپ قويدى .مەن ئاياللارنىڭ سۈرلۈك داد-پەريادى ئاڭلىنىپ تۇرغان تۇغۇرخانىغا ئۆزۈم يالغۇز كىرىپ كەلدىم. كېچىچە ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىۋاتقىنىمدا، باشقا ئاياللارنىڭ ئەرلىرىدەك ماڭىمۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ مەدەت بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى. مەن تۇغۇتخانىنىڭ چاقلىق هارۋىسىدا جالاقلاپ تىترەپ يېتىپ ياتاقتا قايتىۋاتقىنىمدا ، بىرەرىنىڭ ئۈستۈمگە قېلىنراق بىر نەرسە يېپىپ قويۇشىنى شۇبچىلىك ئارزۇ قىلغان ئىدىم. بىراق ماڭا هېچكىم بىر نەرسە يېپىپ قويمىدى.بىر خەنزۇ ئايال توڭۇپ كەتكىنىمنى،قارايدىغان ئادىمىمنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ،يوغان بىر چىنە قايناقسۇغا قارا شېكەر چېلىپ بېشىمغا ئېلىپ كەلدى.مەن ئۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىنلا بىر ئاز ئىسسىغاندەك بولدۇم.

ئانا ، هايىتى بىلان بارۋەر باراۋەر مۇشكۇلچىلىك بەدىلىگە پەرزەنتىنى يورۇق دۇنياغا كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىگە چۆملىدۇ .ئۇنداقتا داديچۇ؟ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى يوقمۇ؟ ئابلىكىمنىڭ كەمدىن-كەم ئۆيدە بولىدىغان چاغلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشى --ئۇيقۇ، شۇ تاپتا ئۇ نەلەردە يۈرۈيدىكىن؟

مەن چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ، ئۆيلەرنى ئايلاندىم، تور پەردىلەر دېرىزىلەردىن غۇرقىراپ قىرىۋاتقان سالقىن شامالدا توختىماي لەپىلدەيتتى، ئاي نۇرى تۆكۈلگەن گىلەم ئۈستىدە ، ئاپئاق تاملاردا يوغان قارا سايىلار ئالاڭلايتتى،كارىدۇردىن،بالىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئاشخانىدىن شىپىرلىغان ئاۋازلار، ئوتلۇق خۇرسىنىشلار ئاڭلانغاندەك بولاتتىم. ئىشىكلەر ئۆزىچە ئېچىلىپ-يېپىلاتتى. ئاشۇ ئاۋازلارنى، ئاشۇ خۇرسىنىشلارنى ئىزدەپ چىققىنىمدا هەممە يەر جىمجىتلىقتا چۆكەتتى...

ئالدىمدا كېتىۋاتقان مۇرىلىرى تىككىدە، ئىنچىكە بەل، پۇتلىرى تۈپتۈز ھەم ئۇزۇن كەلگەن ئايالنىڭ كېلىشكەن قامىتىگە سەپسالغاچ كېتىپ بارىمەن. ئاددىيلا يەڭسىز كۆڭلەك، كۆڭلەك بىلەن ماسلاشقان باسنۇچكا باشقا ئايالنىڭ ئۇچىسىدا بولسا مۇنچىۋالا چىرايلىق كۆرۈنمىگەن بولاتتى، ئۇ چوقۇم گۈزەل بولسا كېرەك...

ئايال دەل مەن كىرمەكچى بولغان ماگىزىنغا،يەن كېلىپ يەر ئاستى قەۋىتىگە قاراپ ماڭدى.ئۇ يانغا بۇرۇلغاندا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ،بىردىنلا ئۇنى تونۇۋالدىم. ئۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىبادەت ئىدى! مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېقىنلاپ بېرىپ قولۇمنى ئاستاغىنە مۈرىسىگە قويدۇم. ئۇ چۆچۈپ كەينىگە قارىدى.كۆزلىرىدە تەئەججۇپ، خوشاللىق چاقنىدى.ئارقىدىن ياش قىزلاردەك چوقان-سۈرەن بىلەن بويىنۇمغا گىرە سالدى...

مەن ئىبادەتنىڭ مېھمان خانىسىدا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ ئولتۇرۇپ يىللارنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە سېھرىي كۈچىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇزگەرمىگەن بىردىنبىر نەرسە نەلكىم ئەينى ۋاقىتلاردىكى پاكىزلىق،سەرەمجانلىقنى ياقتۇرىدىغان مىجەزى بولسا كېرەك.ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدىكى ھەممە نەرسە كىشىگە گويا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان مۇشۇنداق تازا ۋە سۈرلۈك سۈكۈنات ئىچىدە پۈتى بۇزۇلماي تۇرغاندەك، بۇ يەرگە بىرەر جانلىق ئەمەس، چاڭتوزانمۇ كىرەلمايدىغاندەك تەسىر بېرەتتى. بىراق، ئىبادەت نان-توغاچ، تاتلىق-تۈرۈملەرنى شىرەگە تىزىشى بىلەنلا ئۆي تەۋرەپ كەتكەندەك بولدى، يەرگە تېگىپ تۇرغان يىپەك تور پەردىلەر، ياپقۇچ-داستىخانلار مىدىرلاپ،ئۆينىڭ بۇلۇڭ-بۇلۇڭلىرىدىن، يوغان-يوغان تۆت-بەش مۈشۈك ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقتى.تاتلىق-تۈرۈم تىزىلغان شىرەنى ئايلىنىپ،

چۆگىلەپ يۈرۈشكەن مۈشۈكلەر ئىبادەت چەينەكنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا چىقىپ كېتىشىگە مېنىڭ ئۆزلىرىدىن قورقۇپ ئولتۇرغىنىمنى سەزگەندەك بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتكىنىمچە مۈشۈكلەنىڭ كەينى-كايىندىن شىرە ئۈستىگە سەكرەپ چىققىنىغا ، ھال رەڭ ئېغىزلىرىنى يىرتقۇچلارچە يوغان ئېچىپ مياڭلىشىپ، بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشقىنىچە نازۇ-نېمەتلىرىنى تالىشىۋاتقىنىغا قاراپ قېتىپ قالدىم، ئىبادەت كىرمىگەن بولسا بەلكىم ئۆيىنى مۈشۈكلەرگە تاشلاپ قېچىپ كېتەتتىممىكىن-تاڭ. ئۇ مۈشۈكلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ بىر-بىرلەپ يەرگە ئېلىپ قويىدى- دە، مۇلايىملىق بىلەن:

—— قۇندۇز، ئالتۇن، بۈگۈن ئۆيدە مېھمان بار، گەپ ئاڭلاڭلار جۇمۇ خانلىرىم،——دېدى ۋە پىيالىلارغا چاي قۇيغاچ مۈشۈكلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى،——مېنىڭ بۇ باللىرىم بەك غەرەز ئۇقىدۇ دېگىنە،دېققەت قىلدىڭمىكىن،ھەممىسىنىڭ نەسلى ئېسىل،ئاۋۇ ئالتۇن چەتئەل مۈشۈكى بىلەن يەرلىك مۈشۈكنىڭ ئاسلىنى... باللىرىم دېگىنىمگە كۈلۈۋاتامسەن؟سەنلا ئەمەس،ھەممە ئادەم كۈلىدۇ. كۈلسەڭلار كۈلۈۋېرىڭلار،ئۆزۈڭلارنىڭ ئاغزى. لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم شۇلار بىلەن ئۆتىدۇ. شۇلارغا قاراپ كۆڭلۈم خوش بولىدۇ... خەقنىڭ ئېرى، باللىرى باردۇ، مېنىڭچۇ؟ مېنىڭ ھېچ نىمەم يوق...

ئۆزلىرى توغرۇلۇق گەپ بولىۋاتقىنىدا باشلىرىنى ئېگىپ مۇلايىملىق بىلەن مياڭلىشىپ تۇرۇشقان مۈشۈكلەر ئەمدى ئىگىسىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇشتۇمتۇت كەينى-كەينىدىن شىرە ئۈستىگە سەكرەپ چىقىشتى. ئۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شىرەنىڭ ئۈستە يەنە جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى،چايلار تۆكۈلۈپ، پىيالىلەر سۇندى.

—— پەش، پەشە !ھايۋانلار، چىقىشە ئۆيدىن!ھۇ...——ئىبادەت

مۇشۇكلەرگە قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى،پۇتىدىكى ۋاپىما كەشنى ئېلىپ ھەممە ئىشنى باشلاپ قويۇپ ئەمدى شىرەنىڭ ئاسرىغا كىرىۋالغان قۇندۇزغا قارىتىپ ئاتتى.نەسلى ئېسىل مۇشۇكلەر پەقەت شۇ چاغدىلا ياۋاشلىق بىلەن بىر-بىرلەپ ئىشىككە قاراپ مېڭىشتى. مۇشۇكلەر چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئۆي ئىلگىرىكى تىنچ ھالىرىگە قايتتى.ئىبادەت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

...--خەقنىڭ ئېرى،بالىلىرى باردۇ،مېنىڭچۇ؟... ئۆچ ئېغىزلىق ئۆيىنى چوغدەك ياساپ قويدۇم،لېكىن تاملىرىدىن مۇز ياغدۇ... ئاخشىمى مۇزدەك يوتقاندا يالغۇز ئۇخلاپ قالسام، ئەتىگىنى يالغۇز قوپىمەن. كېچىلىرى ئوۇغۇنۇپ كېتىپ قالسام قورقىمەن . ياغۇزلىقتىن،قاراڭغۇدىن،كېسەللىكىمدىن... شۇنداق چاغلاردا ئايىغىمدا، باشلىرىمدا مىدىرلاپ يۈرگەن مۇشۇكلىرىمنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئازىراق بولسىمۇ تەسكىن تاپىدۇ.ئۇلارنىڭ غېمىدە يۈرۈپ ئۆز غېمىمنى ئۇنتۇيمەن...

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشكاپتىن بىر قاپ «خوڭتاسەن»ماركىلىق تاماكا بىلەن چىرايلىق چاقماقتىن بىرنى ئېلىپ كەلدى .تاماكىدىن بىر تال چىقىرىپ، ئورۇق، ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن قىستۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇردى-دە، تاماكا ئىسنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىگە تارتىشقا باشلىدى. بىردەم خۇمارىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ،تاماكا ئىسىدىن كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

-- ئانچە-مۇنچە چېكىپ قويىمەن .يالغۇزلۇق دەردى يامان ئىكەن. خاپىلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەممىنى ئۆگىنىدىكەنسەن.قانداق قىلىسەن ،ئايال كىشىنى ئوڭشايدىغانمۇ، بۇزىدىغانمۇ شۇ تۇمۇش ئىكەن...قېنى ئۆزۈڭچۇ؟ ئېرىڭ قانداقراق؟ ياق توختا، مەن پەرەز قىلىپ باقاي، ھىم ... سەن ماڭا قارىغاندا ئەقىلىڭ بىلەن

ئىش قىلسىمەن،ئادەمنىڭ ھالىغا يېتىسىمەن، سەن بەختلىك ئۆتىدىغانلاردىن...

ئىبادەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ ئولتۇرىمەن، كۆز ئالدىمغا ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىدىكى ئۇزۇن چاچ، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىل،شوخ ۋە قىزىقچى ئىبادەت كەلدى. ئۇزۇن چاچلىرىنى ئېگىز تۈرىۋېلىپ،ئەتىدىن كەچكىچە توپ مەيدانىدىن كىرمەيدىغان، ئولتۇرۇش -كۆڭۈل ئېچىشلاردا ناخشا ئۆيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ ،يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان ئاشۇ ئىبادەت بۈگۈن مۈشۈك بىقىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بەختسىز تۇل خوتۇنغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئىنسان كۆڭلى ئاجايىپ نەرسە، داۋاملىق بىرگە تۇرىدىغان جان-جىگەر ،يېقىن ئەدەملىرىڭگە، ھەتتا ئاتا-ئاناڭغا،ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭغا تۆكمىگەن كۆڭۈل سىرىڭنى بىرەر ناتونۇش كىشىگە ياكى ئايدا، يىلدا ئۇچرىشىدىغان بىرسىگە تۆككۈڭ كېلىدۇ.ئىبادەت مەندىن«ئېرىڭ قانداقراق، ئاداش؟»دەپ سورىغاندا، مەنمۇ ئەزەلدىن ھېچكىمگە تىنمىغان،ئىچىمگە توشۇپ كەتكەن دەرد-ئەلەمىمنى تۆكۈپ-تۆكۈۋەتتىم.ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ سوغۇققىنە ئاھاڭدا سورىدى:

—— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

—— بىلمەيمەن...نىكاھ ئۈلۈغ دىيىشىدىكەن،ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن ئۆزۈڭ بىر ئۆيدە ياشىغان ئادەمگە يەنە بىر يەرلىرىڭ تارتىشىدىكەن...يەنە بىر تۇرۇپ ئۆمرۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىيدىكەن.

—— مەندىن نەسىھەت بولۇپ قالسۇن ئاداش، ئاجرىشىمەن دېگەن گەپنى ھەرگىز ئاغزىڭغا ئالما، ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن، ئىچىدە كۆيگەن ئەۋزەل. ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسا،دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. يالغۇز خوتۇن كىشىگە بۇ كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەك بەك تەس ئىكەن...بەزىدە ئويلاپ كېتىمەن،مېنى ئالىدىغان تۇزۇكرەك بىرەر ئەر بولسا،بىر تىيىن



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

چىقىم قىلدۇرماي،تويىنى ئۆزۈم قىلىپ تېگەتتىم...سېنىڭ قانداقلا بولمىسۇن ئېرىڭ،بالىلىرىڭ بار، بىلمەيسەن...

—— بولدى، ئەرنىڭ گېپىنى قويە،ئەردېگەن شۇنداق قالتىس نەرسىمۇ زادى؟بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ جىم بولۇشۇپ قالدۇق،ئىككىمىزنىڭ دەردى بىر-بىرىمىزگە ئايان ئىدى، ئىككىلىمىز بەختسىز ئىدۇق.

—— بۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمىز ئاداش؟ئۆلۈۋالغىلى تېخى بولمىسا...

—— ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا كەتسەك،قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىشتىن چۈشىمىز،تېلۋىزۇر كۆرىمىز،تاماق يەيمىز، ئۇخلايمىز...ئەتىسىمۇ شۇ،ئۆگىنىمۇ شۇ،ھەر قېتىم ئەينەككە قارىغىنىمىزدا كۈنلەرنىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى،قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ئويلايمىز ... مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سومكا بىلەن يامغۇرلۇق چاپىنىمنى ئېلىپ،يىراق بىر يەرلەرگە كەتسەم، ئېگىز تاغلارغا چىقسام،قۇملۇقلارنى كەزسەم،زېرىككەندە ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كەلسەم ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن...

—— شۇ چاغدا مېنىمۇ چاقىرىۋالغىن، بىراق جۇرئەتلىكرەك بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال بۇنى كۆتۈرىدۇەت. سەندە كەم نەرسە جۇرئەت، ئىبادەتمەن بىلەن چېقىشقاچ،ئىككى رومكىغا تولدۇرۇپ ئۈزۈم ھارىقى قۇيدى؛ ئاۋۋال ئۆزى رومكىنى قولىغا ئېلىپ بىر كۆتۈرۈۋېلا ئىچىۋەتتى. بىراق ،مەن لەۋلىرىمنى تەگكۈزدۈم - يۇ، ئىچىشكە جۇرئەت قىلالمىدىم.ئىبادەت كەينى-كەينىدىن بىر نەچچە رومكىنى بوشاتتى.مېنىڭ ئالدىمدىكى بىر رومكا— قاندەك قىزىل سۈيۈقلۇق شۇ پېتى قالدى.

**************************************************

دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئابلىكىم بىر نەچچە قۇر كۆڭلىكى بىلەن ئىچ كىيىملىرىنى سومكىغا سالدى، ئۇزاقتىن بىر چەتتە تاشلاقلىق تۇرغان ئاپپاراتىنى ئالدى، ئىشىكتىن چىقار چىغىدا ئادەتتىكىدەك قىلىپ:
—— ئىدارىڭىز ئىشى بىلەن كېتىۋاتىمەن،شەنبە كۈنى كېلىمەن،——دەپ قويدى .
مەن ئىشخانىدىن چىقىللا ئۇنىڭ ئىدارىسىگە تىلفۇن بەردىم،«ئابلىكىمنى چاقىرىپقويسىڭىز»دېۋىدىم، ئىلتىماسىمغا بوم ئاۋازلىق بىر ئەر كىشى«ئابلىكىم ئائىلىسىدە دەم ئېلىۋاتىدۇ»دەپ جاۋاب بەردى. بىرەرى ماڭا چاخچاق قىلىۋاتامدىكىنە؟!تىلفۇننى قويۇپ ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم،قولۇمنىپىشانەمگە تىرەپ ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم كۈلدۈم. كۈلكەمنىڭ ئاخىرى ئېسەدەشكە ئايلاندى.يىغامنى،يىغامنى ،كۆز يېشىمنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن سۇخانىگە چىقىپ كەتتىم.
كوچا ئاپتۇۋۇزىدا ئۆرە تۇرىمەن ، بىر قولۇم يۇقۇرىدا ،بىر قولۇم سومكامدا ،ئايىغىم قىستاپ ئاغرىتىۋاتقان پۇتۇمنى سەل ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۆتەردىم-يۇ، ئىككىنچىلەپ ئورنىغا قويالمىدىم،ئاپتوۋۇزدا مېنىڭ بىر پۇتۇم ئەمەس ، يىڭنە سىققۇدەكمۇ ئورۇن يوق،نەگىلا قارىماي، ھاسىراۋاتقان،ۋايساۋاتقان،تىللىشىۋاتقان ئېغىزلار،چاپلىشىپ تۇرغان باشلار،مۈرىلەر،بىلەكلەر...خۇددى بىر يۇمۇردا ئېپتىلغاندەك جوڭگۇدا ئادەم ئەڭ كۆپ جاي——ئاپتوبۇس. ئاپتوبۇس جوڭگۇ جەمىيىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى.
سائادەت بىلەن دىلشاتنىڭ مەنىلىك قاراشلىرى،كوچىلاپ گەپ سوراشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا،چۈشتىن كېيىن ئەرزىمەس بىر ئىشنى باھانە قىلىپ، باسما زاۋۇتىغا بېرىپ كەلدىم.ۋاقىت تېخى بالدۇر.

ئادەتتىكى كۈنلەردە بولسا،ئۆيگە بىردەم بولسىمۇ بالدۇرراق قايتالىغىنىمغا خوشال بولاتتىم.ئەمما بۈگۈن ئۆيگە قايتقىم يوق.ئاپتوۋۇز توختىمىسا،تىقما_تىقماق،ئۈرۈشۈپ_تىللىشىۋاتقان،ماڭا ھېچكىمگە دىققەت_نەزەرنى سېلىپ قويمايدىغان كىشىلەر توپى ئىچىدە ھېچ نەرسىنى ئويلىماي كېتىۋەرسەم، كېتىۋەرسەم...

ئاپتوۋۇز خۇددى يۈكنىڭ زىيادە ئېغىرلىقىدىن زارلىنىۋاتقاندەك سوزۇپ غىچىلدايدۇ. سانسىز مىتال زاپچاس، ۋېنتىلارنىڭ تىترىشى، سۈركىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئۇ غەلىتە ئاۋاز ئادەملەرنىڭ ئاۋازى،كوچىدىكى شاۋقۇن بىلەن قوشۇلۇپ،كىشىنىڭ نېرۋىسىغا تېگىدىغان،بوغۇق ھەم زېرىكەرلىك بىر مىلودىيە ھاسىل قىلىدۇ. كىشىلەر ئاپتوبۇسنىڭ تاسقىشى، ئاشۇ مىلودىيەنىڭ ئەللەيلىشى ئىچىدە مۈگدەۋاتقاندەك خىيالغا پېتىپ تۇرىشىدۇ. بۇنداق پەيتلەردە كىشىنىڭ خىيالىغا خەيرلىك ئىشلار كەچمەيدۇ. ئىشخانىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ،ئورۇندالماي قالغان ،كىشىنى ئارام تاپقۇزمايدىغان قايسى بىر ئىشلار ، ئەرلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى، تۇرمۇشنىڭ مەنىسىزلىكى،باللارنىڭ كۈندىن_كۈنگە ياتلىشىپ، سىر بەرمەس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى ...

ئاپتوۋۇز تۆت كوچىنىڭ ئايلانمىسىدىن بۇرۇلۇشى بىلەن ، ئاپتوۋۇز ۋە ئادەملەر بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالدى، ئاپتوۋۇزنىڭ ئالدى تەرىپىدىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغىدەك كۆچلۈك بېنزىن پۇرىقى كېلەتتى.

ئەگەر مۇشۇ پەيتتە كىچىككىنە ئېغىرلىق ئارتىپ كەتسە ئاپتوۋۇز ئۆرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسىچۇ؟ ئاپرووۇز بىردىنلا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان دوزاققا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى كىشىلەر بىر_بىرىنىڭ بېشىغا،تېنىگە دەسسەپ نىجاتلىق يولىنى ئىزدىشىمىز،بىراق ھېچ قايسىمىز تەغدىرىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز.



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

كۆڭۈلسىز خىياللاردىنمىكىن ياكى بېنزىن پۇرىقىدىنمىكىن، بېشىم ئاغرىپ، كۆڭلۈم ئېلىشقىلى تۇردى. قىستىلىپ دېرىزە تەرەپكە ئۆتتۇم.سىرتقا، ئەتراپتىكى كىشىلەرگە نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. ئۆزۈم داۋاملىق كۆكتات،تۇز ، سەرەڭگە،پېچىنە-پىرەنىكتەك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغان دۇكانلار،كىچىك دوراخانا،كىتابخانا،ئالىي دەرىجىلىك كىيىم-كېچەكلەر ماگىزىنى،بىر- ئىككى تونۇش چىراي لىپ-لىپ قىلىپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئالدىمدىكى ئورۇندۇقتا ئوتتۇر ياشلىق ئىككى ئايال ئولتۇراتتى. قاش -كۆزلىرىنىڭ ئوخشىشىغا قارىغاندا ئاچا-سىڭىل بولسا كېرەك. يېشى چوڭىراقى تىسۋىشلىك ھەم ھارغىن كۆرۈنەتتى،ئۇنىڭ غەمكىن،مەنىسىز نەزىرى ئەتراپقا تاشلىناتتى-دە،ئۇزاقتىن-ئۇزاققا بىر نوقتىغا تىكىلىپ قالاتتى. چىرايى ئۇزاققىچە ئاپتاپ كورمىگەندەك تاتىراڭغۇ، ئەمما تېخى ھۆسىندىن كەتمىگەن، يەنە بىرى سىرتقا سۈس قىزىقىش بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاغزى ئوچۇق يوغان سومكىدىن كىيىم-كېچەك،شالاڭ يوغان چىشلىق تاغاق،ئاينەك،بىر-ئىككى پارچە كىتاب-ژورنال كۆرۈنۈپ تۇراتتى.قارىغاندا دوختۇرخانىدىن چىققانلار بولسا كېرەك.تولۇق ساقىيالمىدىمىكىن،چىرايىدا خوشاللىقتىن ئەسەر يوق بىچەرىلارنىڭ.

يول بويىدىكى بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن ئېگىز بىنالار شالاڭلىششقا ، ئۆيلەر ،قورولار پاكارلىششقا باشلىدى.ئەمدى بۇ يەرلەر شەھەر سىرتىغا تەۋە،تېخى بايىلا يۇكنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئىنجىقلاپ،غىچىلداپ ئاران ماڭغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئاپتوۋۇز ئەمدى تاراقلاپ ئۇچقاندەك كېتىپ باردۇ، ئاپتوۋۇز دېرىزىسىدىن شەھەر سىرتىغا خاس ساپ، سالقىن ھاۋا ئۇرۇلىدۇ، ئاخىرقى بېكەتتە ھېلىقى ئىككى ئايالمۇ چۈشۈپ قالدى. بىلەر ساتقۇچى ئاپتوۋۇزدىن چۈشمەي

قايتىپ كېتمەن دېگىنىمنى ئاڭلاپ، مېنى «ماۋۇ خوتۇن ساراڭمۇ نىمە ؟» دەپ تىللىدى.

تىللىسا تىللىمامدۇ،بۈگۈن ماڭا ھەممىسى بەربىر. بۈگۈن ئۆيگە قايتقىم يوق. ماڭا ئۆزۈمنىڭ پەقەتلا بىر ئايال خىزمەتكار ئىكەنلىكىمنى ئەسلىتىدىغان، قەيەرگە ئوخشايدىغان ئاشۇ ئۆيىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن .

دالاندىكى ئاياق جازىسىدا تىزىلغان يوغان بىرجۈپ ئەرەنچە بەتىنكە كىيىم ئاسقۇچتىكى يالاڭ پەلتۇ،ئىشكاپتىكى كاستىيوم-بۇرۇلكا،ئەينەك ئالدىدىكى ئاپتوماتىك ساقال ئالغۇچلارنى كۆزۈم كۆرمىسۇن. بىردەمدىن كېيىن باللىرىم مەكتەپتىن قايتىپ كېلىدۇ،سومكىلىرىنى قويا-قويماي تىلۋىزۇر قانالىرىنى تالىشىشقا چۈشۈپ كېتىدۇ.بىرەرىمۇ مېنىڭ چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراپ: «ئاپا،بۈگۈن نىمە بولدۇڭ؟مىجەزىڭ يوقمۇ نىمە؟»دەپ ھال سوراپ قويمايدۇ.ئۆيىنىڭ قالايمىقان بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۆي تازلاشقا چۈشۈپ كەتسەم ،قورساقلىرىنىڭ ئېچىپ كەتكىنىدىن قاخشىشىدۇ-يۇ،بىرەرىمۇ كېلىپ قويۇمىدىن پول سۈرتكۈچنى ئالمايدۇ.زادى نىمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟مەن قەلبىمدە بارىنىڭ ھەممىسىنى،ھەتتا ھاياتىمنى ئۇلارغا ئاتىغان ئىدىمغۇ؟

بۈگۈن كەچتە ئۇلار ئۆز ھالىدىن ئۆزلىرى خەۋەر ئالسۇن، پەقەت بۈەۈنلا ، يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىنى قېزىۋەتسۇن.كۆزى تۆت بولۇپ يوللىرىمغا تەلمۈرسۇن... قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى.

يېرىم يولدا، چىراقلار چاقناپ تۇرغان بىر قايناق بازاردا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدىم،ھەشەمەتلىك كاتتا رېستۇران،قەھۋەخانا، قاۋاقخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كىچىك ئەمما پاكىز بىر ئاشخانىغا كىردىم. ئاشخانىدىكى خېرىدارلارمۇ،چىرايى پاقىراپ تۇرىدىغان،ئايال خوجايىنمۇ

ماڭا هايرانلىق بىلەن قارىدى.قارىسا قارىماندۇ. ئۆيۈمدىكىدەك ئاچچىق ھەم ئىسسىق چايدىن ئوتلىغاچ ئولتۇرۇپ ، ئۆزۈم بۇيرۇتقان بىر چىنە سۈيقاشنى ساقلاشقا باشلىدىم. ياق ، ساقلاۋاتقىنىم يوق، مېنىڭچە بولسا ئاشپەز ئۇستام ھەممە ئادەمنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ بولۇپ ، ئاندىن مېنىڭ سۈيقىشىمغا تۇتۇش قىلسۇن، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنتۇپ قالسۇن .

ئالدىمدىكى شىرەدە ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ ئۈچ قىز بالا ،ئۇلارنىڭ قارشىسىدا تاتىراڭغۇ،ئىللىق چىراي بىر ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى،قىزلار ئوقۇغۇچى پاسۇندا،ئەمما زامانغا ماسلاشتۇرۇپ كىيىشكەن ئىدى،گىرىم قىلىشمىغان ئىدى.ئوغۇل بالا قىزلارنى مېھمان قىلىۋاتسا مىراك،ئۆزى چوڭ ئادەملەردەك، تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى،ئارىلاپ قىززىق گەپلەرنى قىلىپ قىزلارنى كۈلدۈرەتتى.ئەتراپتىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقان قىز ھەمرايى يوق ئوغۇل باللار چىرايلىق قىزلارغا ، ئۆزى يالغۇز ئۈچ قىزنى مېھمان قىلىۋاتقان تاتىراڭغۇ يىگىتكە ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى .

مەن يېقىن ئەتراپتا بىر ئالىي مەكتەپ بارلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم.مېنىڭ بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىم ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۇ ماڭا تەلەپ قويغان، كېيىن بىر قىز بىلەن يۈرۈپ بولۇپمۇ،«ئاسىيە،سەنلا ماقۇل دېسەڭ، مەن ھېچكىمگە قارىمايمەن»دېگەن ئىدى. قانچە يىللار بولۇپتۇ-ھە،ئۇنىڭ كۆرمىگىلى. بۈگۈن ئۇ مېنى بۇ ئاشخانىدا كۆرۈپ قالسا ھەيران قالار،چاقچاققا ئېلىپ تۇرۇپ،«ئۆز ۋاقتىدا ماڭا تەگكەن بولساڭ بۇ كۈنلەرگە قالماستىڭ»دەر ، ياكى چاندۇرماي ئۆزىنىڭ بەختىنى كۆز-كۆز قىلىۋالار...بىراق بىز يەنە چاخچاق بىلەن خوشلىشىمىز،ئاشخانىدىن چىقىپلا مەن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىمەن.

ئاشخانىغا ئېگىز بويى،سالاپەتلىك بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى.ئۇنىڭ



PDF شەكلىدىكى ئېلېكترونلۇق كىتاب ئىشلىگۈچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

كىرىپ كېلىشى بىلەنلا ئاشخانا تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئاشخانا ئىچىگە كۆز يۈگۈرتكەندە كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى،مەن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدىم-يۇ،نەدە كۆرگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇ ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندا ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇردى، مەن ئۇنىڭ سەل دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ چېكىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

تاتىراڭغۇ يىگىت بىلەن قىزلار چىقىپ كەتتى. خوجايىن ئايال ئىككى قاچا سۈيۇقاش ئېلىپ چىقىپ، بىرىنى مېنىڭ ئالدىمغا،يانا بىرىنى بايا كىرگەن كىشىنىڭ ئالدىغا قويدى.ياندىكى ئورۇندا تاماق داقلىشىپ ئولتۇرغان ئۈچ يىگىت بىردە ئۇ باشتا يالغۇز ئولتۇرغان كىكشىگە، بىردە بۇ باشتا يالغۇز ئولتۇرغان ماڭا تەئەججۇپ بىلەن قارىشىپ قويۇشاتتى.ئۇلارغا قاراپ كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئالدىمدىكى ئاشقا ئېڭىشتىم،سۇيۇقئاش ئاچچىق ھەم تەملىك ئىدى.ھەر بىر قوشۇقنى پۈۋلەپ سوۋۇتۇپ،ئالدىرىماي ئىچىشكە باشلىدىم.ئۇزۇن ئۆتمەي لەۋلىرىمنىڭ ئۈستىدە،پېشانەمدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.تەر بىلەن خاپىلىقلىرىم چىقىپ كەتكەندەك،خېلىلا يەڭگىللەپ قالدىم.ھەر قېتىم بېشىمنى كۆتۈرگىنىمدە بايىقى تەنھا ئەر كىشىنىڭ قاۋۇل،سەل مۈكچەيگەن دۈمبىسىنى كۆرەتتىم .قارىغانچە كۆڭۈل كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يېرىپ ئۆتۈپ قەلبىنى كۆرىۋاتقاندەك بولىمەن. ئۇمۇ چوقۇم دۇنيانىڭ ئىسسىق-سوغۇقىنى كۆپ كۆرگەن،دۇنيادىن،ئادەملەردىن رايى يانغان،ئۆمۈرۋايەت چۈشۈنۈشكە،مېھرى-مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەي كۆڭۈل ۋەيرانچىلىقىدا تەمتىرەپ يۈرۈگەن ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىخان-ئۇستىخانلىرىدىن چىقىپ تۇرغىنى تەسۋىرلىگۈسىز تەنھالىق.زېرىكىش ھەم ھەسرەت،ئۇنىڭدەك ھېسسىياتلىق ئادەملەر تەشنا بولغان نەرسىگە

ئېرىشەلمىسە،يىلتىز-يىلتىزىدىن قۇرۇپ كېتىۋاتقان چىناردەك تېزلا غۇلاپ كېتىدۇ.ئەجەبا،ئىنسان ئۆزى تەشنا بولغان مېھرى-مۇھەببەتنى كىشىلەر ئارىسىدىن تاپالماسمۇ؟

سىرتتا مېنى ياز ئاخشىمىنىڭ سىم-سىم ساپ ھاۋاسى قۇچىقىغا ئالدى. مەن پىيادىلەر يولىنى بويلاپ ئالدىرىماي مېڭىشقا باشلىدىم،كەينىمدىن بىرسىنىڭ تېز-تېز، قاتتىق دەسسەپ ماڭغان قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى ۋە بارغانسېرى يېقىنلاشتى.كۈچلۈك تاماكا پۇرىقى سىڭىپ كەتكەن ئەر كىشىنىڭ ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى.

-- ياخشىمۇسىز ؟يېنىڭىزدا بىردەم ھەمراھ بولۇپ ماڭسام بولامدۇ؟

مەن بۇرۇلۇپ قاراپ،بايىقى ئەركىشىنىڭ غەمكىن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆردۈم ۋە كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ مەن بىلەن يانمۇ-يان مېڭىشقا باشلىدى.

-- مەن سىزنى بىر يەردە كۆزگەنغۇ دەيمەن ؟--دەپ سورىدىم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بەرمەي.

-- شۇنداقتەك تۇرىدۇ، بىراق ئۇنىڭ نىمە ئەھمىيىتى! بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنىڭ نىملىكى، نەدە ئىشلەيدىغىنى،مەرتىۋىسى،جگدىۇ-جەمەتى ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە قۇرۇق گەپ.ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئاخماق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇھىمى، سىز كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندىڭىز، بىر قاراپلا سىزنى كونا تونۇشۇمدەك ھېس قىلدىم، سىز بىلەن پاراڭلاشقىم كەلدى، شۇڭا كەينىڭىزدىن كەلدىم.مېنى يامان ئادەملەردىن ئىكەن دەپ ئويلاپ قالمىغانسىز ؟-- ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى،--ھايات ئاجىيىپ قىززىق نەرسە،بەزى ئادەملەر بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللەن ئۆتسەڭمۇ،ئۇلار ساڭا ئۆمۈرۋايەت يات پېتى قالىدۇ. بىراق بىرلا كۆرۈشكەن بەزى ئادەملەر ساڭا شۇنداق يېقىن بىلىنىدۇ...

تېخى بايىلا خىيالىمدىن ئۆتكەن بۇ سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى .

ئۇزاققىچە سۈكۈت ئىچىدە ماڭدۇق. ئىللىق، نەمخۇش،ساپ هاۋا گويا يۈرەكنى يوغان، ئىللىق بىر قول سىلاۋاتقاندەك هوزۇرلاندۇراتتى. مۇشۇنداق كەچتە،ئادەمسىز كوچىدا بىر ناتونۇش كىشى بىلەن كېتىپ باراتتىم-يۇ،كۆڭلۈمدە قورقۇش،ياتسىراشتىن ئەسەر يوق ئىدى.بەلكى هېچ قاچان هېس قىلمىغان بىر خىل خاتىرجەملىك ھەتتا بەختىيارلىق تۇيغۇسىدا چۆمگەنىدىم.

مەن ئۇنىڭ يەنە بىر نەرسە دەپ قېلىشىنى،ئارىمىزدىكى نازۇك ھەم سىرلىق مۇناسىۋەتنىڭ بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتىم.ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. بىر دوقمۇشتا ئۇ:

-- مۇشۇ كوچىدا بىر تۇققىنىمنىڭ ئۆيى بار.خالىسىڭىز بىردەم-يېرىمدەم ئولتۇرۇپ چىقايلى،--دېدى.

--رەھمەت،-- دېدىم ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىمنى كۆلكە بىلەن يوشۇرۇپ،--ئۆيدە بالىلىرىم يالغۇز قالغان. تېزرەك قايتمىسام بولمايدۇ...

ئۇ يەنە بىر نىمىلەرنى دېمەكچىدەك يەرنى قاراپ بىر پەس تۇردى-دە،، بىردىنلا يانغا بۇرۇلۇپ تېز-تېز مېڭىپ كەتتى.ئۇنىڭ سەل مۈكچەيگەن قاددى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا غايىپ بولغانغا قەدەر ھەسرەت ئىچىدە قاراپ تۇردۇم.تازا بىر يىغلىغۇم كەلدى،ئىنسان ئۆزى تەشنا بولغان مۇھەببەتنى كىشىلەر ئارىسىدىن تاپالماسمۇ؟ ئېغىر هېسسىياتلار ئىلكىدە ئۆز ئۆزۈمدىن يەنە بىر قېتىم سورىدىم.

قانداق بولىشىدىن قەتئي نەزەر مەن ئۇ كىشىنى ئۇنتۇمايمەن،ئۇنىڭغا قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىمنى ساقلايمەن.

چۈنكى ئۇ سوغۇق، بىپەرۋا،شەخسىيەتچى كىشىلەر توپى ئىچىدىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ كەلگەن ،قەلبىدە ئۆلگىلى ئۇزاق بولغان ھېسسىياتلارنى ئويغاتقان، ماڭا ئۆزۈمنىڭ بىر ئايا ل كىشى--يەنە كېلىپ كىشىلەرنى مەپتۇن قىلالىغۇدەك سېھرىي كۈچۈمنى تېخى يوقاتمىغان ھەققىي ئايال كىشى ئىكەنلىكىمنى تونۇتقان بىردىنبىر كىشى،ئۇنىڭغا رەھمەت.

دەل شۇ چاغدا، سەل نېرىدا ، كوچا چىرىغىنىڭ ئاستىدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى كونا ھەم پاسكىنا ئىدى. ئەرنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئايالنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەنئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇرغىنى ياسالمىلىق ئەمەس. بەلكى كۈچلۈك ھاياتىي ئىستەكئۇلار بىر-بىرىدىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇپ كەتمەيتتى.ئانچە خەۋپسىرىشىپمۇ كەتمەيتتى،كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا ئۇلار قول تۇتۇشۇپ كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ غايىپ بولۇشتى.شۇ تاپتا قەلبىمنى تىنىچسىزلاندۇرىۋاتقان نەرسىنىڭ نەپرەت ياكى سۆيۈنۈش ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن .ئۆزۈمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ياكى ئاۋۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن ئايالنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، پەقەت ماڭا قارىغاندا ئۇلارنىڭ خۇداغا يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىمەن .
خۇدا بەندىلىرىنى سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە ياراتقان ئىدى. بىراق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ پۇت-قولىنى،ئەركىنلىكىنى چۇشەيدىغان ئەمىر-مەرۇپ،كويزا-كىشەنلەرنى كۆپەيتتىكى،ئازايتمىدى، تاكى يېقىنقى ئەسىرلەرگە قەدەر ئاتا-بوۋىلىرىمىز كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن ئەر-ئايالىلارنى، بولۇپمۇ ئايالىلارنى جازالاشنىڭ ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ ۋە قەبىھ ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلىشتى.بىراق بۇ ئەمىر-مەرۇپ،جازالاش ئۇسۇللىرى يەنە بىر قىسىملارنىڭ چېكىدىن ئاشقان

ئەيشى-ئىشرەتكىرى ۋە زىناخورلىقنى ھېچقاچان توسيالىغان ئەمەس...
ئۆيۈمە قايتىپ كەلدىم. دۇنيادا ئۆيدىن ياخشى نەرسىنىڭ يوقلىقىنى، بۇ دۇنيادا باللىرىمدىن يېقىن كىشىلىرىمنىڭ يوقلىقىنى ھېچقاچان بۇ گۈنكىدەك چوڭقۇر ھېس قىلغانئەمەسمەن.شىرە ئۈستىدە قاتتىق-قۇرۇق نان، پېچىنىلەر چېچىلىپ ياتىدۇ،چەينەكتىكى چاي ئاللىقاچان سوۋۇپ قاپتۇ.مەن ئۇخلاۋاتقان باللىرىمنىڭ پىشانىسىدىن سۆيدۈم،يوتقانلىرىنى تۈزەپ قويدۇم.كىچىك قىزىمنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ياش يۇقى تېخى قۇرىماپتۇ.قارىغاندا ئۇ ھازىرلا ئۇخلىغان ئوخشايدۇ.مەن ئاۋايلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ نەپ كۆزلىرىگە يەنە بىرنى سۆيدۈم.
ئابلىكىم دېگەن قەرەلدە قايتىپ كەلدى.ئۇ كۆزۈمگە ئۆزگىرىپ، ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى.چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ تارىشىدا، ياش يىگىتلەردەك يۈرۈش-تۇرۇشدا يوقالغىنىغا ئۇزاق بولغان بىر جۇشقۇنلۇق پەيدا بولغان ئىدى.بولۇپمۇ يەكشەنبە كۈنى ئۇنىڭ ئەتتىگەندە قوپۇپ ھاجەتخانىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان يېپىلماس بولۇپ قالغان ئىشىكىنى ئوڭلاپ قويغىنى مېنى سەل ھەيران قالدۇردى.ئەتتىگەنلىك تاماق ۋاختىدا ئۇ يەنە باللار بىلەن پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ«ئوغلۇم، چېچىڭ ئۆسۈپ قالپتۇ، ياستنۇەت» دېدى. قىزلارنىڭ باسنۇچكىسى كونىراپ قالغىنىنى كۆرۈپ،بازاردىنيېڭىسىنى ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى.باللارنىڭ كۆزى ھەممىدىن ئۆتكۇر،ئۇلارمۇ«ۋۈي،دادام ئۆزگىرىپ باشقىچە ئادەم بولۇپ قاپتۇغۇ!»دېيىشتى. مەن ئىختىيارسىز ياش ۋاقتلىرىمىزدىكى ماھىنۇر ئۇچىمىز بىللە يۈرگەن چاغلاردىكى خۇشخۇي،جۇشقۇن ئابلىكىمنى ئەسكە ئالدىم. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ چىن قەلبىدە سۆيىدىغان كىشىسى يېنىدا ئىدى،قەلبىدە مۇھەببەت ئوتى لاۋۇلداپ تۇراتتى.ئۇ شۇ تاپتا ئاشۇ يىللاردىكى ئابلىكىمگە نەقەدەر ئوخشايدۇ-ھە، مۇھەببەت ئەنە شۇنداق

ئۈلۈغ نەرسە، ئۇنىڭدا ھەممە ئادەمنىڭ ھەققى بار. ئابلىكىم مەندىن تاپالمىغان بەختنى يەنە بىر يەردىن تېپىۋالسا نىمە بوپتۇ.ئۇنى مۇنچىۋالا ئۆزگەرتىۋەتكەن ئۇ ئايال كىم ئىكىن؟

چۇشكە يېقىن ئۇستۇمدىكى قەۋەتتىن ئورۇندۇقلارنىڭ تاراق-تۇرۇقى ۋە ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.قارىغاندا قوشنىلار مېھمان چاقىرغان بولسا كېرەك.ھايال ئۆتمەي بىرى ئىشىكنى چەكتى.دەرۋەقە،ئۇستۈن قەۋەتتىكىلەر ئابلىكىم ئىككىمىزنى چىقىپ مېھمانلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشۇپ بەرسەڭلار ، دەپ چاقىرىپ كىرىشىپتۇ.

قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە ئابلىكىمئىككىمىز خۇددى ئۇستا ئارتىسلاردەك خوشال-خورام،بەختلىك بىر جۈپنىڭ رولىنى ئالدۇق.مۇنداق چاغلاردا ئابلىكىم كونا ماھارىتىنى--ماڭا يادا بولۇپ كەتكەن بىر يۈرۈش قىززىق پاراڭلىرىنى ئىشقا سالدۇ.بۇگۇنمۇ ئەر-ئايال مېھمانلار ئۇنىڭ چاخچاقلىرىغا،كېلىشكەن قەددى-قامىتىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىشتى. مەن مەن ساھىپخانلاردىن ئۆزرە سوراپ بالدۇرلا قايتىپ چىقتىم.باللارغا تاماق ئەتتىم،يۇيۇپ تەييارلاپ قويغان دەرىزە پەردىلىرىنى تاقىدىم،ئارقىدىن كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا قىزلىرىمغا كۆينەك تىكىشكە باشلىدىم.

كەچكە يېقىن سىرتتا ئۇشتۇمتۇت شامال كۆتۈرۈلدى.ئىشىك-دېرىزىلەر تاراقلاپ،پەردىلەر ئۇچۇشقا باشلىدى.ئۇزاق ئۆتمەي شامال توختاپ،يامغۇر قۇيۇۋەتتى.قورادا ئويناۋاتقان كىچىك باللار ھۇركىگەن قۇشلاردەك تاراپ كېتىشتى.ئاياللار بالكونغا يېيىلغان كىرلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.ئۇدۇلدىكى بىنادا ئولتۇرىدىغان قۇش خۇمار بوۋاينىڭ ئايالى چىقىپ بالكونغا قاتار ئېسىۋەتكەن قەپەزلىرىنى ئەكىرىپ كەتتى. ئوغلۇم بىلەن چوڭ قىزىم تىلۋىزۇر ئالدىدا ياپونىيەنىڭ كارتون فىلىمگە مەپتۇن بولۇپ ئولتۇرىدۇ.پەقەت كىچىك قىزىملا يوق.كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ

ئالدىدىن قوپۇپ ئۇنى ئىزدەپ سىرتقا چىقتىمم.

يەر-جاھان يامغۇرنىڭ شاۋقۇنى بىلەن تولغان ئىدى. يامغۇر تامچىلىرى گويا ئاسمان بىلەن زىمىننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سان-ساناقسىز سۇزۇك يىپچىلاردەك كۆرۈنەتتى.يۇيۇلۇپ پارقىراپ كەتكەن دەرەخلەر تەنتەنە قىلىشۋاتقاندەك شالدىرلايتتى، دەرەخلەرنىڭ يوغان-يوغان يوپۇرماقلىرى سوغۇق سۇدىن شۈركەنگەندەك تىترەپ،سىلكىنىم مەرۋايىت تامچىلارنى سىرغىتاتتى.قىزىم دەرۋازا تەرەپتىكى گۈللۈكتە،يۇمۇلاق شىپاڭنىڭ ئاستىدا يەرگە قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.قولىدىكى ئىنچىكە تياق بىلەن رەڭدار قاناتلىرىنى جۇپلەپ قىتىپ قالغان ئۆلۈك كېپىنەكنى ئاستا مىدىرلىتىپ،يىغلامسىراپ گەپ قىلىشۋاتاتتى:

—— قاناتلىرىڭنى ئاچە،ئاچقىنە قاناتلىرىڭنى...ئەمدى ئۇچۇپ كەتسەڭ سىنى قوغلىمايمەن،ھەرگىز تۇتىۋالمايمەن،گېپىمنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟ئۇچۇپ باققىنە قىنى...——ئۇ بىردىنلا قولىدىكى تاياقنى تاشلاپ يىغلىۋەتتى،——سەن ئۆلۈپ قالدىڭما؟نىمشقا مىدىرلىمايدەن؟مەن...مەن...

قىزىم ئىككىمىز كېپىنەكنى يوغان بىر تۇپ دەرەخ ئاستىدىكى قۇرۇق يەرگە دەپنە قىلدۇق. ئۇ كېپىنەكنىڭ قەبرىسىگە كىچىككىنە بىر تال تاش بىلەن بەلگە سالدى. بالا قەلبى دېگەن - ھە...

قىزىمنىڭ يۇمران قوللىرىدىن تۇتۇپ ئۆيگە قايتىۋاتقىنىمدا بىردىنلا ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، كۆزۈمگە ياش كەلدى. ئۇ چوڭ بولۇپ ئادەم بولغۇچە قانچە-قانچە شىرىن چۈشلىرىنى، گۈزەل ئارزۇلىرىنى دەپنە قىلىۋېتەركىن...

قىزىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزۈمنى، ھاياتىمنىڭ داۋامىنى كۆردۈم. بىر ۋاقىتلاردا مەنمۇ ئۇنىڭدەك چېچىمنى ئىككى تال ئۆرۈپ،كېپىنەك ، يىڭناغۇچ قوغلايتتىم،ئويناپ ھارمايتتىم،خۇددى ئۇنىڭدەك

ھېسسىياتچان،رەھىمدىل ئىدىم،چوڭ بولۇپ مەكتەپكە كىردىم.ھەر قېتىم ئىمتاھان قەغىزىنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كەلسەم،ئانام:«سەن بولساڭمۇ ياخشى ئوقۇپ ئەركىشىنىڭ قولىغا قاراپ قالمايدىغان بول،»دەيتتى، مەن ئانامنىڭ قولىدىن تارتىپ ئاشخانىغا ئېلىپ چىقىپ، قۇلىقىغا:«ئانا، مەن چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇپ،چوڭ يەرلەردە ئىشلەيمەن،شۇ چاغدا سىنى يېنىمغا ئېلىپ كېتىمەن،شۇنداق قىلسام سىنى دادامۇ،موماممۇ بوزەك قىلالمايدۇ،»دەيتتىم.ئانام بۇ گەپلىرىمگە يىغلاپ تۇرۇپ كۈلەتتى.«خۇدايىم نىسىپ قىلسۇن، شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزسۇن!»دەپ پىشانەمدىن سۆيەتتى.

تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى.ئالىي مەكتەپنىمۇ ئوقۇدۇم، چوڭ شەھەردىمۇ ئىشلىدىم،بىراق، تەقدىرىم ئانامنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمىدى.مەن ئۆزۈمنى ئوڭشاپ،ھەلىڭ قانداق ئانا ، دەپ بولغۇچە، ئانام بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.ئانام ئۈچۈن ،كۆپۈككە ئايلانغان ئارمانلىرىم ئۈچۈن زار يىغلىدىم. بىراق، يەنە بىر ئويلىسام ئانامنىڭ مەندىن خاتىرجەم بولۇپ ،تەبەسسۇم ئىچىدە كەتكىنى ھەممىدىن چوڭ تەسەللىي ئىكەن .

يامغۇر توختىماي يېغىۋاتىدۇ.گاھ ئىتتىك، گاھ ئاستا،يوغان-يوغان سۈزۈك تامچىلار چىراغتا پارقىراپ تۇرغان سېمونت يولغا ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈشى بىلەنلا،سان-ساناقسىز ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈنۈپ يوق بولۇپ كېتىدۇ. نەدىدۇر يىغلىپ كىچىك ئېقىن بولۇپ،زېرىكەرلىك شىرىلداپ،يەر ئاستى سۇ يوللىرىغا قۇيۇلىدۇ.تېلۋىزۇر تۈگمەلى نەۋاق،ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى مېھمانلارمۇ بىردەملىك تاراق-تۇرۇق،تەكەللۇپ سۆزلەردىن كېيىن ئۇزاپ كەتتى.مەن چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ ئورنۇمغا كېلىپ يېتىپ،كۆزلىرىم بىلەن ماھنۇرنى ئىزدەشكە باشلىدىم.مەن ئابلىكىمنى

ساقلاپ ئولتۇرغان ئۇزۇن كىچىلەردە ماھنۇر بىلەن مۇڭدىشمەن،دەرد-ئەلەملىرىمنى ئۇنىڭغا تۆكىمەن،بۈگۈن مەن ئۇنىڭ بۇلۇڭدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق چۆككەن كۆزلىرىدە ھەرقاچانقىدەك ئەلەم ئەمەس،مۇلايىملىق ئىلتىجا يىلىنجايتتى.مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

——سەن بىر ئەخمەق، ماھنۇر، مەنمۇ شۇ...

********* ******* ******* ******* ********

ئۈستىلىمدە ئىككى پارچە باغاق تۇرىدۇ، بىرى قىزىل، بىرى ئاق. پەرىزەنى كۆمۈپ قويدۇق.دەل شۇ كۈنى بۆلۈم باشلىقىمىزنىڭ قىزىنىڭ تويى بولدى. بىر تەرەپتە يىغا - زارە،بىر تەرەپتە نەغمە-ناۋا.بىر ئايال خوتۇنلۇق ، ئانىلىق مەجبۇرىيىتىدىن خالاس بولدى،ئازابلىق ھاياتلىق مۇساپىسىنى ئاياغلاشتۇردى.يەنە بىر قىز قىزغىن ئارزۇ -ئۈمۈدلەر بىلەن بۇ مۇساپىگە قەدەم قويدى.بۇ يولدا ئۇنى نىملەر كۈتۈپ تۇرىدىكىن؟

پەرىزەنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ئانچە تەسىر قىلغاندەك كۆرۈنمەيتتى.ئۇنىڭ ھاياتىنى خورۇتۇپ،ئۆلگەندىمۇ بىر كۆزىنى ئارقىسىدا قويغان بىر تاللا سورلۇق قىزى بىشىغا كەلگەن پاجىئەدىن قىلچە خەۋەرسىز، ئادەملەر ئارىسىدا ناخشا ئېيتىپ،ئۇسۇل ئويناپ،ئەڭ باغرى تاش ئادەملەرنىمۇ يىغلىتىۋەتتى.ئۇنىڭ ئېرى چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي،ئادەتتىكىدەك سالاپەت بىلەن ئىشلەپ يۈردى.ئەرلەر تۇپراق بىشىغا چىقىپ كەتكەندە، بىر نەچچە ئايال بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ:«چاندۇرماي يۈرگىنى بىلەن دوشلۇقتىن قىن-قىنىغا سىغماي قالغاندۇ...رەھمەتلىكنى خويمۇ قاخشاتقانئىدى.ئۇنى ۋاقىتسىز ئۆلتۇرگەن ئاشۇ ۋاپاسىز ئېرى بىلەن ساراڭ قىزى!»«قاراپ تۇرۇڭلار،قىرقى توشا-

توشماي ئۆيگە خوتۇندىن بىرنى ئەكىرىۋالدۇ»دەپ غەيۋەت قىلىشتى.

ئادەم دېگەن غەلىتە نەرسە، ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە يېتىپ ئاشقىدەك بەختسىزلىكىمىز تۇرۇقلۇق، باشقىلارنى كەچۈرەلمەيمىز،باشقىلارنىڭ دەردىگە يەتمەيمىز.نېمە دېگىلى بولىدۇ،پەرىزەنىڭ ئۆلۈمى ئازاپلەنغان، بۇرۇقتۇرما بولغان ئىككى روھ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قۇتۇلۇش بولىدۇ، بەلكىم...

خېلى كۈنلەر بولدى. ماھىنۇر پەقەتلا كۆرۈنمەس بولدى.قەلبىمگە سىغمايدىغان ھېسسىياتلىرىم،خىياللىرىممۇ، شۇلار بىلەن بىللە ساقلىنىپ قالغان ئاز-تولا كۈلكەممۇ يوقىلىشقا باشلىدى.ئۇ خۇددى مۇھەببەتمۇ،نەپرەتمۇ،شادلىقمۇ، قايغۇمۇ يوق، گۆردەك تىمتاس قاراڭغۇ ئۆيگە ئوخشاپ قالدى. بۇ بەلكىم قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىمنىڭ ئالامىتىمىكىن؟كۈن بويى ماشىنا ئادەمدەك ئىشلەيمەن،ئىشتىن چۈشۈپلا تاماق ئېتىمەن،ئۆي تازىلايمەن،كۆكتاتچى،يايماكەشلەردىن ھەربىر موچەننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇپ نەرسە-كېرەك سېتىۋالىمەن، چىرايىم سوغۇق، جانسىز،مۇردىنىڭ چىرايىغا ئوخشايدۇ.

گويا بىر مۆجىزە يۈز بەرگەندەك، ئابلىكىم كۆز ئالدىمدىلا ئۆزگەردى.مەنمۇ، باللارمۇ ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران قالدۇق. ئۇنىڭ كىيىنىشى،قەدەم ئېلىشى،چاچلىرىنى تارىشى... قىسقىسى ھەممىلا تەرىپى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ.ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ بىردىنلا مۇلايىملىشىپ،خۇشخۇيلىشىپ قالدى،چىرايىدا چىن كۆڭلىدىن ئۇرغىغان كۈلكە پارلاپ تۇرىدۇ. ھەممىمىز ئۈچۈن ھايات ئىلگىرىكىدىن كۆپ يەڭگىللەشتى. ئۇ مەن بىلەن يالغۇز كېلىشتىن ئامال بار ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.ئىككىمىز يالغۇز قالغان چاغلىرىمىزدا كۆزۈمگە تىك قاراشقا پېتىنالمايدۇ، مەن ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ،ھوجرىغا قىرىپ بولغۇچە

www.bizning.com

ئۇخلىغان بولۇپ تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدۇ.ئەمما مەن ئۇنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپلا خۇرسىنىپ قويۇشلىرىدىن ئۇنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى،ئۆز بەختىدىن خىجىل بولىۋاتقانلىقىنى ۋە ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن.بىراق مەن ئۇنى ئەيىپلىيەلمەيمەن. مۇھەببەت ئىنسان ئۈچۈن ۋاھادەك زۆرۈر نەرسە،دۇنيادا ئەسكى ئادەم بولمايدۇ.ھەر قانداق ئادەم——مەيلى ئۇ قەبىھلىكتە ھەر قانچە ئۇچىغا چىققان ئەدەم بوسۇن،يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك ھەقىقىي مۇھەببەتتىن بەھرىمان بولغىنىدا دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئاچىدۇ.ئۇنىڭ قەلبىدە ئەڭ گۈزەل،ئەڭ نازۇك ھېس تۇيغۇلار ئويغىنىدۇ. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا مۇھەببەتلىك نەزەر تاشلايدۇ.ئۇنىڭ قەلبى ھېسداشلىق،چۈشىنىش ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن تولۇپ-تاشىدۇ،دۇنيا مۇھەببەت بىلەن نۇرغا تولىدۇ.قەلبى مۇھەببەتكە تولغان كىشىنى قانداقمۇ ئەيىبلىگىلى بولسۇن؟

كۆز ئايلىرى كىرگەندە ئاغرىپ قالدىم، ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلدە ئاغرىپ قالىمەن. كۆز مەنزىرىسى، تۆكۈلىۋاتقان يوپۇرماقلار ماڭا قىرىلىقنى،جۇدالىقنى،بىتوۋ ىنىڭ«ئۆلۈم»ناملىق سىمفونىيىسىنى ئەسلىتىدۇ. بىر نەچچە كۈندىن بىرى توختىماي قىززىپ كارۋاتتىن چۈشەلمىگەن ئىدىم. بۈگۈن ئۆزۈمنى خېلىلا يەڭگىل سىزدىم.بالكونغا ،تالا-تۈزگە چىققىم كەلدى،بىراق تېخى چىقالمايمەن.چۈشتىن كېيىن سائادەت بىلەن بىللە يوقلاپ كىردى. دىلنارنىڭ ئالتۇندەك چېرىق چاچلىرى،ياشلىق كۆچى ئۇرغۇپ تۇرغان قىياپىتىنى كۆرۈپ كۆڭلۈپ ئېچىلىپ قالدى.سائادەت بىر ئاز پەرىشان كۆرۈندى،سەۋەبىنى سورىسام بۈگۈن ئەتتىگەن پىنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىگە قول قويغانلىقىنى ئېيتىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

نىمىشقا يىغلايسىز؟بالىلىرىڭىزنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان پەيتىڭىز ئاخىرى

يېتىپ كەپتۇ! خوشال بولۇڭ.50 يېشىڭىزنى تازا ئوپتان تەبرىكلەيلى،تەييارلىق قىلىڭ.ئۇ كۈنى سىز خانىشلاردەك ياسىنىپ تۆردە ئولتۇرىسىز،ئىبراھىمكام يېنىڭىزدا ئولتۇرىدۇ،مېھمانلارنى دىلنار ئىككىمىز كۈتىمىز...

—-بالدۇرراق پۇل يىغىش قىلىپ بىر نەردە ئالايلى .ياخشىراق بىر نەرسە... بىر ئايال ياشلىقنى، ئۆمرىنى سەرپ قىلغان ئىشلارنى تاشلاپ پېنسىيىگە چىقسا ،ھېچكىم ئۇنىڭ قەدرىنى قىلمىسا قانداق بولىدۇ. بىز تازا بىر قەدرىڭىزنى ئۆستۈرەيلى...

سائادەت بارغانسېرى ئەدەپ خىرتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. بوپتۇ ، بىردەم يىغلىۋالسۇن، مۇنداق چاغدا سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرى، نى-نى خوشاللىق، خاپىلىقلىرى ئېسىگە كەلمەي قالمايدۇ كىشىنىڭ.

كۈتمىگەندە، ئۇ ھېچكىم كۈتمىگەن بىر گەپنى قىلدى:

-- ئۇكام... ئۇكام ئاسىيە، مەن ... ئەقىلسىز ھەدىڭىزنى كەچۈرەرسىزمۇ؟ئاشۇ ... ئاتكىرتكىلارنى مەن سىزگە يىرتقۇزىۋەتكەن ئىدىم.سىز مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ ھەممىنى يىرتىۋەتكەن ئىدىڭىز . . . ئەمەلىيەتتە ، مەن دەرىدىڭىزنى چۈشىنىمەن،ئابلىكىم تالادا كۆڭۈل ئاچىدۇ... بۇلارنى ئويلىسام...

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز داڭادەت ھەدە! ئۇلارنى مەن ئۆزۈم يىرتقان، سىز بىلمەيسىز... بۇ ئىشتا سىزنىڭ ھېچقانداق سەۋەنلىكىڭىز يوق.پەقەت تەغدىر شۇنداق.

يالغۇز قالغان چېغىمدا ئۆزۈممۇ بىردەم يىغلىۋالدىم. ئابلىكىمنىڭ سىرتتا كۆڭۈل ئاچىدىغىنى ماڭا ئايان ئىش بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاش ماڭا ئېغىر كەلدى. بىر تۇرۇپ ساۋادەتنىڭ ساددىلىقىغا كۈلسەم، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك تاش يۈرەك ، ھېسسىياتسىز

ئايال ئەمەسلىكىدىن سۆيۈندۈم. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈرەك يارامنى ئېچىپ،ئۇنتۇلغان،يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىغا كۆمۈلگەن ھېسسىياتلارنى يەنە ئويغاتتى.مەن غېرىپلىق باسقان كارۋىنىمىدىكى يوغان ياستۇقلارغا چۆكۈپ يېتىپ ئىسكەندەرنى ئەسلىدىم. ئۇ شۇ تاپتا نەلەردە،نەمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيدىكىن؟توۋا، بىر شەھەردە تۇرۇپ كۆرۈشمەيمىز،ئىزدەشمەيمىز،بىر چاغلاردا ئۇنى كوچىلاردا،ئاپتوبۇستا،ۋېلسىپىتلىك كېتىپ بارغان چاغلىرىدا غىل-پال كۆرۈپقالاتتىم.كېيىن پەقەتلا ئۇچراتماس بولدۇم.ئەگەر ئۆلۈپ قالسام ئۇ خەۋەرسىز قالىدۇ.ئۇ بىرەر ئىشقا يولۇقسە،مەنمۇ خەۋەرسىز قالىمەن. نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟ئەجەبا بۇنىڭ ھەممىسىگە مەن ئەيىپلىكمۇ ؟مەن ئىسكەندەرگە ھەم ئۆزۈمگە ھەددىدىن ئارتۇق رەھىمسىزلىك قىلغاندىمەنمۇ؟ ياكى بۇ تەغدىرنىڭ ئىشمۇ؟ ئاشۇ جىمجىت قىز كېچىسىنى مەن كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەنىدىم.تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا قارىسام، ئىسكەندەرمۇ دېرىزەمنىڭ ئارقىسىدىكى يولدا مېڭىپ يۈرۈپتۇ.ئۇستىبېشىنى قاپلىغان قار ئۇنى قار بوۋايغا ئوخشۇتۇپ قويۇپتۇ.كېتىپ بېرىپ دېرىزەمنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قەدىمىنى ئاستىلىتاتتى، ئۈمۈد بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارايتتى ۋە دىلىغۇللۇق ئىچىدە يۈرۈپ كېتەتتى،يەنە كېلەتتى... مەن ئۇنىڭ سوغۇق تەككۈزىۋېلىپ ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

ئۇ ئۇشتۇمتۇت قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك نېشىنى كۆتۈردى. ئىتتىك-ئىتتىك مېڭىپ بىنانىڭ ئالدى تەرىپىگە قاراپ كەتتى. يۈرىكىم قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يەر يۈزىدىكى ھەممە سادانى بېسىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. شۇڭا ئىشىك چېكىلگەن دەسلەپكى مىنۇتلاردا مەن ئۇنىڭ يۈرۈكۈمنىڭ سوقىشى ياكى باشقا سادا ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدىم.

ئىشىك كەينى-كەينىدىن چېكىلدى، خېلىدىن كېيىن بىرىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئارقىدىن گۆردەك جىمجىتلىق ئەسلىگە كەلدى.كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى.تۇزلۇق كۆز ياشلىرىمنى يۇتۇپ، ئۇزاققىچە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇردۇم.

قۇياش چىقتى، قۇياش نۇرى كېسەل چىرايلارغا ئوخشاش تاتىراڭغۇ،ھەسرەتلىك كۆلكىگە ئوخشاش جانسىز، ھارارەتسىز ئىدى. دېرىزەمنىڭ يېنىدىن قارا رەڭلىك پىكاپ ئوتۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ياۋرۇپالىق ئاقسۆڭەك ئاياللارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى ئايال چۈشتى. مەن يالىڭاچ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئۇدۇلدىكى بىنا ئالدىغا توپلاشقان كېسەللەر،دوختۇر،سېستىرالارنى كۆردۈم،كۆپ ئۆتمەي بىكاپ كۆز ئالدىمدىن غۇيۇلداپ ئۆتۇپ، دەرۋازا تەرەپكە قايرىلدى ۋە ئاشۇ يەردە غايىپ بولدى.

دەسلەپكى ياش ئايلىرىدا ئىككىمىز ئاشۇ يەردە ئۇچراشقان،كېيىنمۇ قىزىلگۈل پۇرىقى ئىچىدە يىراقلاپ كەتكەن. مەنمۇ قەبرىستانلىقتىكى چىغىر يولدەك جىمجىت مەنزىلىمگە يۈرۈپ كەتكەندىم.

ھەممە بىر پەستىلا ئۆتمۈشكە ئايلاندى .ئۇنىڭدىن كۆڭۈللەردىكى ئەسلىمىلەردىن باشقا نەرسە قالمىدى.

مۇھەببەت گۈلى ئىنتايىن نازۇك،ئۇ پەقەت يۈرەكتىلا سۇلماي ساقلىنىپ قالالايدۇ.ئۇ رېئاللىقتىكى بوران-مۆلدۈرلەرگە،پاسكىنا سۇلارغا بەرداشلىق بېرەلمايدۇ.

مەن پۇشايمان قىلمايمەن.مېنىڭ كۆڭلۈم تىنچسىزلىقتىن،ۋىجدان ئازابىدىن خالىي. بارى پەقەت كونا كېسەلدەك پات-پات قوزغۇلۇپ تۇرىدىغان ھېجران ئازابى،تۈگىمەس ئەسلىمىلەر،ئۇلارنى مەن گۆرۈمگە

ئېلىپ كېتىمەن.

كەچ كىرىشكە باشلىدى.ئۇزۇن،ئىسسىق ياز ئايلىرى قېنى؟سىرتتا ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى،ئۇششاق باللارنىڭ قيا-چيالىرى كۆپەيدى.قايسى بىر ئۆينىڭ بالكوندىن ۋالس مۇزىكىسى ئاڭلىنىۋاتاتتى.بالكونغا شۇنچىلىك چىققىم بار، قاچانمۇ ساقىيىپ چىققۇدەك بولارمەن؟ساناادەتنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش چيىغىچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتسەم بولاتتىغۇ.

خاتىرگە يېزىلغان خەتلەر مۇشۇ يەردە ئاياغلاشقانىدى. ئاخىرىغا بىر نەچچە بەر ئايرىم قەغەز چاپلانغان بولۇپ، بۇ قەغەزلەرمۇ ئىمىر-چىمىر خەتلەر بىلەن تولغانىدى. مەن بۇ خەتلەرنىمۇ قالدۇرماي ئوقۇدۇم:

يات بىر ئۆينىڭ بالكوندىن قاراپ تۇرغانلىقىم ئېسىمدە،كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرە شۇ قەدەر يوچۇن. بىر-بىرىگە شۇ قەدەر ئوخشاپ كېتىدىغان سۇرلۇك بىنالار،تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلغان يوللا،پارچە-پارچە گۇللۇكلەر،توپا،ئەخلەت دۆۋلىرى... بۇ ئوڭۇمۇ -چۈشۇمۇ؟بۇ قەيەر؟ئاۋۇ يوللاردا پېتىشماي كېتىۋاتقان ئادەملەرچۇ؟ ئۇلر قەيەردىن كەلگەن ،قايەرگە مۇنچە ئالدىرىشىدۇ؟ئاللىقاچان پەيسى كەتكەن گۇللۇكتە ئويناپ يۈرگەن كىپىنەكتەك رەڭدار لىبنتا چىگكەن كىچىك قىز نېمىدىگەن ئوماق ...

يىراق بىر يەردە ئىشىك چېكىلدى.بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم،ئالدىمدا قەددى-قامەتلىك،ئەمما يات بىر ئەر كىشى تۇرىدۇ. قولىدا سومكا،خۇددى ئۆز ئۆيىگە كىرگەندەكلا كىرىپ كېلىۋاتىدۇ.

-- بىرىنى ئىزدەمسىز؟--مەن ئالدىغا ئۆتۈپ سورىدىم.ئۇ ماڭا غەلىتە بىر قاراپ قويۇپ ياناپ ئۆتۈپ كەتتى.مەن ئۇنى يەنە توسۇۋالدىم.

-- سىز كىمسىز؟ نىمە ئىشىڭىز بار؟

ئەر كىشى ماڭا دىققەت بىلەن قارىدى.سەل مەسخىرە ئارىلاش، ئەستايىدىل قىياپەتتە:

-- ئاسىيە،چاچاق قىلىۋاتامسەن،ياكى راستىنلا ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟--دېدى.

-- ئاسىيە؟ئاسىيە دېگەن كىم ؟ ئۇنى تونۇمايمەن،سىزنىمۇ تونىمايمەن،سىز چىقىپ كېتىڭ،چىقىپ كېتىڭ!

-- چىققىلى بولسا سەنلا چىق،بۇ مېنىڭ ئۆيۈم.

مەن بىردىنلا ئەتراپىمغا ئالاڭلاپ قارىدىم. يۈگرەپ ئۆيلەرگە كىرىپ چىقتىم.بۇ شۇنچىلىك يوچۇن،مەن ئەزەلدىن كۆرمىگەن ئۆيلەرغۇ؟مەن كىم بۇ قەيەر؟

مەن بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم.كېيىنەكتەك رەڭدار لىىنتا چىگكەن كىچىك قىز كىرىپ كەلدى،قوللىرىمنى تارتتى،ياشلىرىمنى سۈرتتى،مەن ئۇنى تونۇمىدىم .مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولىۋىدىم،قىزچاق ماڭا ئېسىلىۋالدى،مەن گاڭگىراپ قالدىم،باياتىن بىر چەتتە چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان ئەر كىشى ماڭا چارقىرىدى:

-- ئاسىيە،ساراڭلىق قىلما،بۇياققا كەل، بۇ سېنىڭ قىزىڭغۇ،تونىيالمايۋاتامسەن؟

-- يالغان، مەن بۇ قىز باللىنى تونۇمايمەن،سىزنىمۇ تونۇمايمەن... مەن بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالغاندىمەن...؟

-- ئەسىيە، بۇياققا كەل، كارۋاتتا يېتىپ بىردەم ئۇخلىۋال،بەك چارچاپ كەتكەن ئوخشايسەن،ئۇخلىۋالساڭ ياخشى بولۇپ قالىسەن....

قانداقلارچە ئۇخلاپ قالدىمكىن،كۆزۈمنى ئاچسام ئۆي ئىچى يوچۇن ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ئاق خالات كىيىۋالغان بىر ئەر بىلەن

بىر ئايال مەندىن توختىماي سوئال سورىدى. مەن ئەزەلدىن كۆرمىگەن بىرمۇنچە ئەر- ئاياللار،بالىلارنى كۆرسۇتۇپ«بۇلارنى تونۇمسىز»دېدى.

—— تونۇمايمەن،مەن تونۇمايمەن! سىلەر مېنى قىيىناۋاتىسىلەر...—— مەن يەنە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم.ئۇلار مېنى ئاپئاق كىچىك مىنبۇسقا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى.ئۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ مەندىن توختىماي سوئال سورىدى.ئۇلار ئاخىرىدا مېنىڭ يىراق،تېپتىنىچ بىر يەرگە ئاپىرىۋېتىشتى. بۇ بۈككىدە ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جىيلاشقان مەنزىرىلىك جاي.يولنىڭ ئىككى چېتىدە گۈللەر بىلەن قارىياغاچلارنىڭ ئارىسىدا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلار بار. مەن ھەر كۈنى ئاشۇ ئورۇندۇقلاردا سائەتلەپ ئولتۇرىمەن. ئۇدۇلدىكى تارغىنە سىمۇنت يول سەھەردە ھەم كۈن پېتىۋاتقان پەيتتە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەندەك ۋاللىدايدۇ.چۈشتە ئىسسىقتىن ھاسىراۋاتقاندەك كۆرۈنسە، چۈشتىن كېيىن تىنجىق ھەم زېرىكەرلىك بولۇپ قالىدۇ.يامغۇر ياغقاندا ئۇ يەر-بۇ يەردەكىچىك كۆلچەكلەر ھاسىل بولىدۇ. يامغۇردىن كېيىن قۇشلار ئۇ كۆلچەككە سۇ ئىچكىلى كېلىدۇ.

ئۆتمۈش مەن ئۈچۈن باش -ئۇچى يوق قاراڭغۇلۇق، ھازىر بولسا تۈگىمەس سوئالدىنلا ئىبارەت. بۇ سوئاللار مېنى قىيناپ ھالىمنى قويمايدۇ. مەن سوئاللاردىن ئەرۋاھتىن قورققاندەك قورقىمەن.ئۇ ھەقتە ئويلاشنى خالىمايمەن. مەن كۆز ئالدىمدىكى ناتونۇش دۇنياغا ھارغىن نەزەر تاشلايمەن. سەل نېرىدا كىچىك بىر قىز يىڭناغۇچ تۇتۇپ ئويناۋاتىدۇ.ئۇنىڭ كۆكلىكى،چاچلىرى،كىچىك قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ،پۈتۈن دىققىتى بىلەن يىناغۇچقا ئاستا يېقىنلىشىۋاتقان ئاشۇ ھالىتى شۇ قەدەر سۆيۈملۈك، ئۇ بۈگۈن بىر تالمۇ يىڭناغۇچ تۇتالمىدى. ھەر قېتىم يىڭناغۇچلار ئۇنىڭ بارمىقى ئارىسىدىن ئۇچۇپ كەتكەندە مېنىڭ

كاللامدىكى يىڭناغۇچقا ئوخشايدىغان سوئال بەلگىلىرىمۇ غايىپ بولدۇ... يىڭناغۇچ ئەينەكتەك سۈزۈك قاناتلىرىنى دىرىلدىتىپ ئۇچۇپ كەتمەكچى بولدى-يۇ، يەنە توختاپ قالدى. قىزنىڭ بۇدۇرۇق بارماقلىرى يىڭناغۇچقا تېخىمۇ يېقىنلاشتى،قاناتلىرىغا تېگەي-تېگەي دەپ قالدى... ئاھ ، ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق يىڭناغۇچنى تۇتۇۋېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە ! مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم...

(تۈگىدى)

دىيارىمىزدىكى ئاتاقلىق ئايال يازغۇچى ____ خالىدە ئىسرائىل خانىمنىڭ

" ئۇربىتا " نامىدىكى بۇ نادىر ئەسىرىنى ئېلېكترونلۇق كىتاپ قىلىپ ئىشلەپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تەمىنلەپ بېرىشنى لايىق تاپتىم .

ئېلېكتاب ياسىغۇچى : مۇھەممەدجان ئابدۇكېرىم

(قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە زەمىن يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ)

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇق ئادرېسى : maripatsoft@gmail.com

2009 –يىل 2 - ئاي

باياناات : ئەگەر بۇ ئەسەر سودا خاراكتېرىدە ئىشلىتىلىش سەۋەبىدىن ، ئەسەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە توردا ئېلان قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق مەسىلىلەردە دەۋا كۆرۈلسە ، سودا خاراكتېرى شەكىللەندۇرگۇچى يۈتۈنلەي ئۆزى مەسئۇل بولىدۇكى ، مەن بۇ جەھەتتىكى ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالمايمەن .